تهذيب كتاب

# مشارع الأشواق
## إلى مصارع العشاق

(في الجهاد وفضائله)

# جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلغان مەيدان

(جىھاد ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا)

ھىجرىيە 812 - يىلى


ئىبنى نۇھاس

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇلبەسىر



تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

تهذيب كتاب

# مشارع الأشواق
# إلى مصارع العشاق

(في الجهاد وفضائله)

# جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلغان مەيدان

(جىھاد ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا)

ھىجرىيە 812- يىلى


ئىبنى نۇھاس

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇلبەسىر



تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................................................4

**كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى ھەمدە ئۇنى تەرك قىلغان كىشىگە قارىتا كەلگەن تەھدىتلەر ....................................................................11**

جىھاد پەرز كۇپايىمۇ ياكى پەرز ئەينىمۇ؟.........................................21

قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشى ھەققىدىكى ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىرى .............................................................................24

جىھادتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم تەھدىتلەر..........................................................................29

جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ باتىل ئۆزرىلىرى ...................37

**جىھادنىڭ ۋە الله يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى ...................65**

جىھاد — ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.......................................69

الله قا ئىمان ئېيتىشتىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — جىھادتۇر .............................................................................................70

جىھاد — ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر...........72

شۈبھىسىزكى، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر.......................73

جىھاد — الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئەمەلدۇر.........................76

مۇجاھىدلار — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر...77

(پەزىلەتتە) جىھادقا باراۋەر بولالايدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق .......79

جىھاد — ئىبادەت ئۈچۈن تەنھا ياشاش ۋە كىشىلەردىن ئايرىلىشتىن ئەۋزەلدۇر..........................................................81

مۇجاھىد — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ۋە ھۆرمەتلىكراقىدۇر........................................................ 84
مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى باشقىلارنىڭ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر........................................ 85
الله مۇجاھىدلارنى جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرگەن ....... 86
بۇ ئۇممەتنىڭ ساياھىتى جىهادتۇر........................................ 88
جىهاد — ئىسلامنىڭ چوققىسىدۇر........................................ 90
مۇجاھىد ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، قايتقۇچە ياكى شەھىد بولغىچە الله نىڭ كاپالىتى، ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ.................. 91
الله تائالا مۇجاھىدنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز مېھرىبانلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن ئىگە بولىدۇ........................................ 99
جىهاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلەتلىرى .............................. 103
**جىهاد ھەجدىن ئەۋزەلدۇر .......................................... 111**
**جىهادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە .......................................... 114**
**جىهادتا ئالدىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراش ........................... 121**
**ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىهادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى .... 123**
**الله يولىدا مېڭىش ۋە الله يولىدىكى چاڭ ـ توزاننىڭ پەزىلىتى ... 128**
**دېڭىز جىهادى قۇرۇقلۇق جىهادىدىن ئەۋزەل ........................... 132**
مۇجاھىدلار تەكبىرىنىڭ پەزىلىتى .......................................... 137
**الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ................... 139**
**الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە .......................................................... 149**

الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — الله يولىدا خىراجەت قىلىشتۇر..........154
**مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش..........163**
**مۇجاھىدلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى..........166**
مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىش......169
**ئاتنىڭ پەزىلىتى، ئۇنى جىھاد نىيىتى بىلەن بېقىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىراجەت قىلىش ھەققىدە..........172**
رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىسىملىرى..........179
**ئاتقا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى..........182**
**مۇجاھىد ۋە مۇرابىتنىڭ روزا ۋە نامازلىرىنىڭ پەزىلىتى..........184**

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى، تەۋھىدنىڭ قورغانى، ئۇممەتنىڭ سائادىتى بولغان اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك قۇرئانلىرى كۆيدۈرۈلگەن، پەيغەمبىرى مەسخىرە قىلىنغان، ئىپپەت ـ نومۇسلىرى دەپسەندە بولغان، غورۇرى سۇنغان، زېمىنلىرى تاجاۋۇز قىلىنغان بۈگۈنكى بۇ مەزلۇم ئىسلام ئۇممىتى ئەنە شۇ تارىخنىڭ نۇرانە بەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن يازغان، ئادالەت تۇغىنىڭ اللە نىڭ زېمىنلىرىدا مەردانە لەپىلدىشى ئۈچۈن دىن يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى لەززەت، اللە يولىدىكى شەھىدلىكنى غەلىبە سانىغان قەيسەر چەۋەنداز ئەجدادلىرى ئويناتقان قىلىچنى قايتا قولىغا ئېلىپ، جەڭگاھقا قاراپ ئات چاپتۇرۇشقا، سائادەت ئۇرۇقىنى كۇفۇر زۇلۇمى ئاستىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان ھەربىر زەر تۇپراققا چېچىشقا نەقەدەر موھتاج ـ ھە!؟

زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا گاڭگىراپ قالغان بۇ ئىسلام ئۇممىتىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر جازانە

تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىهادنى تاشلاپ قويساڭلار، الله سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە الله ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».[1]

ئەللامە شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خارلىقنىڭ سەۋەبى (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) ئۇلار الله يولىدىكى جىهادنى تاشلاپ قويغانلىقى بولۇپ، جىهاد — ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە باشقا دىنلار ئۈستىدىن بولغان غەلىبىسى ئىدى (الله تائالا ئۇلارنى خارلىقتىن قۇتقۇزسۇن!) ئەمما ئۇلار ئىززەتكە سەۋەب بولىدىغان ئات مىنىشنىڭ ئورنىغا كالا پادىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە> دېگەن سۆزىدە يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بار بولۇپ، ۋاھالەنكى جىهادنى تەرك ئېتىش دىندىن يىراقلاشقانلىق بولاتتى».[2]

ئەللامە ئىبنى قەييىم ھەم جىهادنىڭ مەنپەئىتىنى قىسمەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جىهادنىڭ غەم-قايغۇلارنى كەتكۈزۈشى ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمگە مەلۇم چۈنكى ئىنسان قاچانكى باتىل تاجاۋۇزچىنىڭ زۇلۇمى ۋە تاجاۋۇزىغا جاۋاب قايتۇرمىسا، ئۇنىڭ غەم-قايغۇسى، جاپا-مۇشەققىتى ۋە ئەندىشىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى جىهاد قىلسا، الله تائالا ئۇ غەم-قايغۇلارنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق، جاسارەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلب ئاجىزلىقى ۋە غەم-قايغۇنى كەتكۈزۈشتە جىهادتىنمۇ ياخشى ئەمەل

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] شەۋكانىنىڭ «نيل الأوطار» ناملىق كىتابى 5- توم 268- بەت.

يوق»[1].

ئىسلام قوۋۋىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئىززىتىنىڭ جىھادسىز بەرپا بولمايدىغانلىقىغا ئۆز قەلىمى ۋە قىلىچى بىلەن دەۋەت قىلغان ئىمام، ئالىم، مۇجاھىد، شەھىد ئەھمەد ئىبنى ئىبراھىم دەمەشقىي رەھىمەھۇللاھ (ئىبنى نۇھاس نامى بىلەن مەشھۇر) ئۇشبۇ قىممەتلىك كىتاب «مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق»نى[2] مۇئەللىپ ۋە ئەھلى سەلب قوشۇنىغا قارشى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چاقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ جىھادتىكى ھىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھىجرىيە 812- يىلى يېزىپ چىققان بولۇپ، شەيخنىڭ بۇ كىتابنى ئۆز قەلىمى ۋە قېنى بەدىلىگە پۈتكەنلىكى بۇ كىتابقا ئۆزگىچە قۇۋۋەت ۋە تەسىر كۈچى بېغىشلىغان.

ئۆز ھاياتىنى ئىلىم، جىھاد ۋە دەۋەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئالىم، مۇجاھىد، مۇرابىت ئىبنى نۇھاس ھىجرىيە 8- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 9- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ ھەدىس ۋە فىقھىدا ئالىم، جىھاد ۋە رىباتتا سابىت، سۈننەتپەرۋەر، ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە جىھادقا دەۋەت قىلىشقا ھېرىسمەن، كەمتەر، كىبىردىن يىراق، نام-شۆھرەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، نامسىز ياشاشقا تىرىشىدىغان كىشى ئىدى.

---

[1] «زاد المعاد» 4- توم 185- بەت.

[2] مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق — جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلىدىغان مەيدانغا ئىشتىياق قوزغاش. بىز تىلغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن قىسقارتىپ «جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلغان مەيدان» دەپ ناملىدۇق.

ئۇ ھەققىدە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ئىبنى نۇھاس دىمىيات رىباتلىرى ۋە جىھادلىرىنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان كاتتا پەزىلەتلىك كىشى ئىدى».

ئىبنى ئەمماد ھەنبەلى مۇنداق دېگەن: «ئۇ شەيخ، ئىمام، ئەللامە، نەمۇنە ۋە ئۈلگە ئىدى».

تارىخشۇناس سەخخاۋى مۇنداق دېگەن: «ئىبنى نۇھاس مىراس ئىلمىگە پىششىق، ماتېماتىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن، گېئومېتىرىيە ئىلمىدە ئىقتىدارلىق، دىندا فەقىھ، ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى، نام-شۆھرەتتىن يىراق كىشى ئىدى. كىبىردىن ئۆزىنى شۇنچىلىك قاچۇراتتىكى، ئۇنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئۇنى ئادەتتىكى بىر كىشى دەپ ئويلاپ قالاتتى. تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر رىبات ۋە جىھادنى لازىم تۇتقان ئىدى».

شەيخ شاھادەتنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە اللە تائالادىن ئۇنىڭغا شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايتتى.

زەركەلى مۇنداق دېگەن: «ئۇ ھەممەيلەننىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن، پەزىلەتلىك، مۇجاھىد، شافىئىي مەزھىبىنىڭ فەقىھلىرىدىن ئىدى. ئەھلى سەلب قوشۇنى بىلەن بولغان <تاينە> دېگەن جەڭدە پەقەت ئالغا ئىلگىرىلىگەن، كەينىنى قىلمىغان ھالدا ئۇرۇشۇپ شەھىد قىلىنغان ئىدى».

ئۇ دىمىيات ئەھلىنىڭ سەلىبىيلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان جىھادىدا قوماندانلىق قىلغان. 814-يىلى، دىمىياتقا يېقىن جايدا يۈز بەرگەن «تاينە» دېگەن جەڭدە اللە تائالا ئۇ كىشىنىڭ جىھادىي ھاياتىنى شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە شاھادەت بىلەن ئۇچراشتۇرغان. اللە تائالا ئۇ كىشىنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن!

شەيخنىڭ شەھىد بولۇشتىن بۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرگەن بۇ كىتابىنىڭ ئۇممەت ئىچىدە كەڭ ئالقىشقا ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشىشىگە ھەمدە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشىگە ﷲ تائالا نېسىپ قىلدى. ئۆلىمالار بۇ كىتابنىڭ تارىختىن بۇيانقى جىهاد ھەققىدىكى كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل كىتاب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن ھەمدە جىهاد ھەققىدە تۈزۈلگەن كىتابلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى جەملەنگەن، مەنپەئەتلىرى ناھايىتى مول بولغان كىتاب دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

لېكىن، ئەسلى كىتابتا ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ راۋىيلىرى ۋە تەتقىقات مەزمۇنلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دوكتور سىلاھ ئابدۇلفەتتاھ ئەلخالىدي كىتابنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ چىققان نۇسخىلىرىغا ئاساسەن، بۇ كىتابنى قايتىدىن تەھرىرلەپ ۋە رەتلەپ چىققان. بىزمۇ ھەم ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن، مۇشۇ نۇسخىنى تەرجىمە قىلدۇق. شۇنداقلا قېرىنداشلىرىمىزغا بولغان مەنپەئىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ۋە كىتاب تەرجىمىسىنىڭ قىممىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى كىتابقا تەڭ مۇراجىئەت قىلىپ ماڭدۇق ھەمدە بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن باشقا ھەدىس توپلاملىرىدىكى ھەدىس ۋە ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئەلبانى، ئىبنى ھەجەر، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت ۋە باشقا مۇھەددىسلەرنىڭ باھاسىنى گەرچە ئەسلى ئەرەبچە كىتابتا بولمىسىمۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ قويدۇق. ئەمما بۇ مۇھەددىسلەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان، پەقەت رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەدىس توپلاملىرىدىلا

خاتىرىلەنگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەر بولۇپ قالسا، كىمنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى ۋە كىمنىڭ توپلىغانلىقىنى يېزىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

ئاخىرىدا، اللہ تائالادىن پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلغان بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ جىھادقا بولغان ئىخلاسى، ھىممىتى، رىغبىتى ۋە ھېرىسمەنلىكىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىھاد كارۋىنىغا يېتىشىۋېلىشىغا سەۋەب قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

— نەشرىياتتىن

# 1ـ بابتىن 15ـ بابقىچە

# 1 ـ باب

## كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىش ھەققىدە كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى ھەمدە ئۇنى تەرك قىلغان كىشىگە قارىتا كەلگەن تەھدىتلەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار)».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ الله وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلاَ دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ

[①] سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت.
[②] سۈرە بەقەرە 244 ـ ئايەت.

بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾ «الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىقا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاقْتُلُواْ الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُواْ لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار».[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە هەق

---

[①] سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ «ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر».[②]

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمي ئۆزىنىڭ «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا شۇنى بايان قىلىپ بەردىكى، ئەگەر الله تائالا ئىسلامنى مۇشرىكلاردىن قوغداش، ئۇلارنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن مۇئمىنلەر ئارقىلىق مۇشرىكلەرنى چېكىندۇرمىگەن ۋە مۇئمىنلەرنى مۇشرىكلارغا ھۆكۈمران قىلمىغان بولسا ئىدى، چوقۇم زېمىننى شېرىك قاپلىغان ۋە ھەق دىن زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ ئەركىنلىكى جىھاد بىلەن بولىدۇ. دېمەك، جىھاد مانا شۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋىدە

---

[①] سۈرە تەۋبە 29- ئايەت.

[②] سۈرە ھەج 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغاچقا، جىهاد ئىبادەتتى ئىمان تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇشقا، مۇئمىنلەر بولسا ئىنسانلار ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ھېرىسمەن بولۇشقا ھەقلىق ئىبادەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا فَضَرْبَ الرِّقَابِ﴾ <(جەڭ مەيدانىدا) سىلەر كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار[1]>». [2]

مۇشرىكلارغا ۋە دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى الله يولىدا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

جىهاد ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر:

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى كىشىلەر <بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق> دېگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ ئەمما پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا[3]. ئۇلارنىڭ (ئىچكى سىرلىرىنىڭ) ھېسابىنى الله ئالىدۇ». [4]

2. بەشىر ئىبنى خەساسىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئىسلامغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇ ماڭا: «بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە

[1] سۇرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «كتاب المنهاج في شعب الإيمان» 2 ـ توم 466 ـ بەت.

[3] يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

گۇۋاھلىق بەرگەيسەن، بەش ۋاق ناماز ئوقۇغايسەن، رامىزان روزىسى تۇتقايسەن، زاكاتنى ئادا قىلغايسەن، ھەج قىلغايسەن ۋە الله يولىدا جىهاد قىلغايسەن» دەپ شەرت قويدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى شەرتكە تاقىتىم يەتمەيدۇ، بىرى، زاكات. چۈنكى مېنىڭ ئون تۆگەم بار، ئۇلاردىن ئائىلەم سۈتىنى سېغىپ، يۈك ـ تاق ئارتىپ پايدىلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، جىهاد. ئۇلار: <كىمكى جىهادتىن يۈز ئۆرۈپ قاچسا، ئۇ چوقۇم الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ> دېيىشىدۇ، ئەگەر مەن جەڭگە كىرىپ قالسام ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، جېنىمنى ئېلىپ قېچىشىمدىن قورقىمەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولۇمنى تۇتتى ۋە ھەرىكەتلەندۈردى. ئاندىن ماڭا: «سەدىقىمۇ بەرمەي، جىهادمۇ قىلماي، قانداق جەننەتكە كىرىسەن؟» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بەيئەت قىلاي» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئاساسەن بەيئەت ئالدى.[1]

3. سەلەمە ئىبنى نۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتلار تەرك ئېتىلدى، قوراللار تاشلاپ قويۇلدى، كىشىلەر: <جەڭ تۈگىدى، ئۇرۇش يۈكى ئاخىرلاشتى!> دېيىشىۋاتىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ! جەڭ ئەمدى باشلاندى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەمىشە الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنى رىزىقلاندۇرۇش ئۈچۈن (يەنى غەنىيمەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن) ئۇلاردىن باشقا بەزى قەۋملەرنىڭ قەلبىنى بۇرىۋېتىدۇ. ئۇلار تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ئۇرۇش

[1] بەيهەقى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

قىلىدۇ. ئاتىنىڭ پىشانىسىگە قىيامەتكىچىلىك ياخشىلىق چىگىلگەندۇر. يەئجۇج ـ مەئجۇج چىققاندا جەڭ ئۆزىنىڭ يۈكىنى قويىدۇ» دېدى.[①]

4. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىهاد قىلىڭلار!»[②]

كاپىرلارغا قارشى تىل بىلەن قىلىنغان جىهاد — ئۇلار ئاڭلاشنى يامان كۆرىدىغان، ئاڭلىسا ئاچچىقى كېلىدىغان قوپال سۆزلەرنى قىلىش، ھەجۋى قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

5. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام سەككىز ئۈلۈشتۇر: ئىسلام كەلتۈرۈش بىر ئۈلۈش، ناماز بىر ئۈلۈش، زاكات بىر ئۈلۈش، ھەج بىر ئۈلۈش، جىهاد بىر ئۈلۈش، رامىزان روزىسى بىر ئۈلۈش، ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر ئۈلۈش، يامانلىقتىن توسۇش بىر ئۈلۈش. كىمنىڭ ئۈنىڭدىن بىرەر ئۈلۈشى بولمىسا، ئۇ چوقۇم زىيان تارتىدۇ».[③]

6. ھارىس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا يەتكۈزگەن نەرسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن

① نەسائى، تەبرانى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

② ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇرازراق ۋە بەززار رىۋايىتى، ئىبنى ھەجەر قوبۇل قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى اللە مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، جىهاد، ھىجرەت ۋە جامائەت بولۇش. كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، تاكى جامائەتكە يەنە قايتىپ كەلمىگۈچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى (ھالقىسىنى) بوينىدىن چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ».[1]

7. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق.[2] لېكىن جىهاد ۋە جىهادقا نىيەت قىلىش بار، ئەگەر سىلەر جىهادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» دېگەن.[3]

بۇ ھەدىس، ئەگەر ئىمام خاس بىر كىشىنى جىهادقا بۇيرۇغان بولسا، جىهاد ئۇ كىشىگە پەرز ئەين بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر سىلەر جىهادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» دېدى.

8. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەپ جىهادنى تىلغا ئالدى، ئۇ پەرز نامازدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلنى جىهادتىن ئەۋزەل

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئەينى چاغدا مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: «مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى، مەككە فەتىھ قىلىنىپ ئىسلامىي زېمىن بولۇپ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلسا ئەجىر بولمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تەۋبە قىلىش توختاپ قالمىغۇچە ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ، كۈن غەربتىن چىقمىغۇچە تەۋبە قىلىش توختاپ قالمايدۇ» دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن) — تەرجىماندىن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

سانىمىدى». [1]

ساھابە - تابىئىنلارنىڭ جىهاد ھەققىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى:

ئەبۇ راشىد ھۇبرانى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چەۋەندازى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد بىلەن ھىمىس شەھىرىدە ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ زەرگەرنىڭ ساندۇقلىرى ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سېمىزلىكىدىن گۆشلىرى ساندۇقتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. شۇ پەيتتە ھەم ئۇ غازات قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا مەن ئۇنىڭغا: «الله تائالا ساڭا ئوخشاشلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغانغۇ؟» دېسەم، ئۇ: «سۈرە تەۋبە مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا يول قويمايدۇ» دەپ، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقىدى: ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار؛ ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار؛ ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىهادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر[2]». [3]

---

[1] بەيھەقى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر «المطالب العالية» ناملىق كىتابىنىڭ 6 - توم 55 - بېتىدە نەقىل قىلغان.

[2] سۈرە تەۋبە 41 - ئايەت.

[3] ھاكىم ۋە تەبرانى رىۋايىتى؛ «تفسير الطبري» 10 - توم 86 - بەت؛ «تفسير ابن كثير» 4 - توم 157 - بەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىدا ئەتىييە ئىبنى ئەبۇ ئەتىييەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قادىسىيە كۈنلىرىدىن بىرسىدە كۆرۈپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزى ئەما كىشى بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى لېكىن ئۇ جىھادقا چىقىپ قادىسىيە جېڭىگە قاتناشتى. جەڭدە ئۇ بايراق كۆتۈردى ۋە مۇشۇ جەڭدە شاھادەتكە ئېرىشتى.[①]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا﴾ «سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ: «الله تائالا بىزنى قېرى- ياش بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇدى، مېنى جىھادقا تەييارلاپ قويۇڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا: «الله ساڭا رەھىم قىلسۇن! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ دەۋرلىرىدە غازات قىلدىڭ، سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز چىقايلى» دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى ھەمدە جىھادقا چىقىپ، دېڭىز غازىتىغا قاتناشتى ۋە كېمە ئۈستىدە ۋاپات بولدى. مۇجاھىدلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق قۇرۇقلۇق تاپالماي، پەقەت بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئاندىن تاپتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ جىسمى ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ئىدى.[②]

---

[①] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 119- بەت.

[②] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 116- بەت، شۇئەيب

ئىبنى شىهاب زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب غازاتقا چىقتى، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئەما ئىدى. ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزرىلىك كىشى» دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئېغىر ياكى يېنىك ھالىتىمىزدە بولسۇن جىهادقا چىقىشقا ئەمر قىلدى. ئەگەر جەڭ قىلىشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمىسە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ۋە قارىسىنى كۆپەيتىمەن، يۈك ـ تاقىلىرىنى ساقلاپ بېرىمەن».[①]

ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن بەسرى «انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا» دېگەن ئايەتنى «ياش ۋە قېرى ھالىتىڭلاردا» دەپ تەپسىر قىلغان؛ مەنسۇر ئىبنى زازان «بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چېغىڭلاردا ۋە بىكار ۋاقتىڭلاردا» دەپ تەپسىر قىلغان؛ ئىبنى زەيد «ئېغىر دېگەن، تاشلاپ قويۇشنى خالىمايدىغان زېمىنى بار كىشى؛ يېنىك دېگەن، زايە بولۇپ كېتىدىغان نەرسىسى يوق كىشى» دەپ تەپسىر قىلغان. باشقىلار «يېنىك دېگەن شىجائەتلىك، ئېغىر دېگەن قورقۇنچاق» دەپ تەپسىر قىلغان.[②]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتكە نىسبەتەن ئەڭ توغرا مەنە شۇكى، كىشىلەرگە ھەرىكەت قىلىش يېنىك كەلسۇن ياكى ئېغىر كەلسۇن، الله تائالا ھەممە كىشىلەرنى جىهادقا چىقىشقا

ئەرنەئۇۋت «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر ھەم سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان.

[①] «تفسير الطبري» 10 ـ توم 98 ـ بەت، «تفسير القرطبي» 8 ـ توم 137 ـ بەت.

[②] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «مصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 5 ـ توم 306 ـ بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، «تفسير الطبري» 4 ـ توم 232 ـ ، 233 ـ بەتلەر.

بۇيرۇدى». [1]

ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بەزى مۇجاھىدلار شام زېمىنىنىڭ فەتھىسىدە بىر مۇجاھىد كىشىنى ئۇچراتتى، ئۇ قېرىپ قالغانلىقتىن ئىككى قېشى كۆزلىرىگە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. مۇجاھىدلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: «ئى تاغا! الله تائالا سىزنىڭ ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلغان» دېگەنىدى، ئۇ كىشى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! الله تائالا بىزنى ئېغىر-يېنىك ھالىتىمىزدە جىهادقا چىقىشقا بۇيرۇدى» دېدى. [2]

ئىمام ئابدۇرازراق مەكھۇلدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۇ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ئون قېتىم قەسەم قىلىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە جىهاد قىلىش ھەقىقەتەن ۋاجىب. ئەگەر خالىساڭلار سىلەرگە يەنە تېخىمۇ كۆپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن» دېدى. [3]

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى، ئەگەر سىلەر يەنە قەسەم قىلىپ بېرىشىمنى خالىساڭلار، كۆڭلۈڭلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن يەنە ئاشۇرۇپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن دېگەنلىكتۇر.

## جىهاد پەرز كۇپايىمۇ ياكى پەرز ئەينىمۇ؟

بىلگىنكى، ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ، ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش پەرز كۇپايىدۇر، ئەمما ئىبنى مۇسەييەب ۋە ئىبنى شىبرىمە پەرز ئەين

---

[1] «تفسير القرطبي» 8- توم 150- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 10- توم 98- بەت.

[3] ئابدۇرازراقنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 174- بەت، ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «مصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 306- بەت.

ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

پەرز كۇپايىنىڭ مەنىسى، ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن يېتەرلىك بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ پەرزنى ئادا قىلسا، باشقا قىلمىغان كىشىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ؛ ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم ئۇ پەرزنى ئادا قىلمىسا، ھەممە مۇسۇلمانلار تەڭ گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەڭ كۈچلۈك قاراش بويىچە، الله تائالا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئۆزرە ئىگىلىرى گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەڭ ئاز بولغاندا يىلدا بىر قېتىم جىھاد قىلىش پەرز كۇپايىدۇر، ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپ بولسا، بۇنىڭ ئەۋزەللىكىدە ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاجىز، دۈشمەن كۆپ ھالەتتە مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ قالسا، مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش خەۋپى ۋە ياكى ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇلاغلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىق زۆرۈر بولغان ئۆزرىلەردىن باشقا ۋاقىتتا جىھادتىن بىر يىل خالىي قېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ھېچقانداق زۆرۈرىيەتسىز ۋە ئۆزرىسىز غازاتنى بىر يىل كېچىكتۈرۈشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئوچۇق پەتىۋا كەلتۈردى.

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى جۇۋەينى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسۇلشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: <جىھاد بويسۇندۇرۇش ئاساسىدا قىلىنىدىغان دەۋەتتۇر. زېمىن يۈزىدە پەقەت مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمانغا تەسلىم بولغان كىشىلەر قالغانغا قەدەر ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە جىھادنى بەرپا قىلىش ۋاجىب. يىلدا بىر قېتىم جىھاد قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىش شەرت ئەمەس، بىر قېتىمدىن ئاشۇرۇپ قىلىشقا ئىمكانىيەت بولسا، جىھاد ئەمەلدىن

قالدۇرۇلمايدۇ>. فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ <يىلدا بىر قېتىم> دەپ تىلغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار كۆپ يۈز بېرىدىغان ئادەتكە ئاساسلانغان چۈنكى جىھاد ئۈچۈن مال ۋە قوشۇن تەييارلاش ئىشلىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ». [1]

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزرە بولمىسىلا ھەر يىلدا ئاز بولغاندا بىر قېتىم جىھاد قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر يىلدا بىر قېتىمدىن كۆپرەك جەڭ قىلىشقا ھاجەت چۈشسە، جەڭ قىلىش ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى پەرز كۇپايىنى قىلىش موھتاجلىقتا ئايلانسا، ئۇنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ». [2]

ئىمام قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمامنىڭ (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان خەلىپىنىڭ) دۈشمەنگە قارشى غازات قىلىشقا ھەر يىلدا بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىشى پەرز ھەمدە ئۇ ئۆزى كىشىلەر بىلەن بىللە غازاتقا چىقىدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ كىشىلەر بىلەن بىللە چىقىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان كىشىنى ئۇلار بىلەن بىللە چىقىرىدۇ. تاكى دۈشمەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىنى توسىدۇ ۋە الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىدۇ». [3]

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن بالىغا، مەجنۇنغا، ئايالغا ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن توسىدىغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىگە جىھاد قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ ئەمما بىر كۆزى كور، بېشى ئاغرىيدىغان، چىشى ئاغرىيدىغان، يېنىك قىزىتما

[1] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10- توم 209- بەت.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 348- بەت.

[3] «تفسير القرطبي» 8- توم 152- بەت.

ۋە ئاقساق كىشىگە جىھاد قىلىش ۋاجىب».[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرز كۇپايە جىھادقا ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىش دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلدى. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا، چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىدىدۇر.

ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئوغلىغا جىھاد قىلىشقا رۇخسەت بېرىپ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرەرى ئوغلى جىھادقا ھازىر بولۇشتىن بۇرۇن بەرگەن رۇخسىتىدىن يېنىۋالسا، بالا جىھادتىن يېنىشى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىشى ۋاجىب لېكىن قايتىپ بېرىشىدا ئۇنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خەۋپ بولغان ھالەت بولۇپ قالسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئەگەر ئوغۇل جەڭگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بەرگەن رۇخسىتىدىن يېنىۋالسا، بۇ ھالەتتە بالىغا ئۇرۇش مەيدانىدىن چىقىپ كېتىش ھارامدۇر».[2]

## قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشى ھەققىدىكى ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىرى

ئىمام مالىك قەرزىنى تۆگىتىشكە تاقىتى يەتمىگەن كىشىنىڭ جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى[3]؛ ئىمام ئەۋزائى قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشىنى دۇرۇس سانىدى. ئەمما ئىمام شافىئىي بۇ ئىككىسىنىڭ قارىشىغا

[1] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 347 ـ ، 348 ـ بەتلەر.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 358 ـ بەتتىن 360 ـ بەتكىچە.

[3] «وحاشية العدوي» 2 ـ توم 15 ـ بەت.

قوشۇلمىدى، ئۇ: «قەرز ئىگىسى مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز قەرزدارنىڭ جىهادقا چىقىشى توغرا ئەمەس» دەپ قارىدى①.

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرزى بار تۇرۇپ ئوھۇد غازىتىغا چىققانلىقى — قەرزدارنىڭ جىهادقا چىقىشىغا دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ توسمىغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوھۇدتا شەھىد بولغان، ئۇنىڭ قەرزىنى ئوغلى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن كېيىن تۆلىۋەتكەن.②

لېكىن، قەرزدار جىهادقا چىققاندا ئۆزىدىن كېيىن قەرزىنى تۆگىتەلەيدىغان بىر نەرسىنى (جابىرنىڭ دادىسىغا ئوخشاش) قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك.

ئىمام ئەھمەد قەرزدار ئۆزىنىڭ قەرزىنى تۆگىتىدىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ قويسا، ئۇ قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز غازاتقا چىقسا بولىدىغانلىقىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسىنى دەلىل كەلتۈردى.③

پەرز كۇپايە جىهادتا ئوغۇل ئۇچۇن ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتى، قەرزدار ئۇچۇن قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتى شەرت قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر شەھىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كىرسە ياكى يىراقتىن ئۇ شەھەرگە كۆز تىكسە، كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمان شەھەر ئەھلىنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولسۇن ياكى ئاز

---

① ئىمام شافىئىينىڭ «الأم» ناملىق كىتابى 4- توم 163- بەت.

② قىسسىنىڭ تەپسىلاتى ئۇچۇن «صحيح البخاري» 2395- ھەدىسكە قاراڭ.

③ ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 360-، 361- بەتلەر.

بولسۇن يۇقىرىدىكى شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ-دە، جىهاد ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايالغا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇل ئۆز خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز، ئايال ئۆز ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز (ئىككى قاراشنىڭ سەھىھراقى، ئەگەر ئايالدا ئۆزىنى قوغدىغۇدەك قۇۋۋەت بولسا)، بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىهادقا چىقىدۇ. بۇ، ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۆز قارىشى.[①]

ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگىلىۋالسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇ يەردە ئۇيۇشۇش ياكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆرۈش مۇمكىن بولمىسا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئالدىغا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشى ۋاجىب.

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى تەسلىم بولسا ئۆزىنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئۆز جېنىنى قوغداش ئۈچۈن تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا ھۆر بىلەن قۇل، ئەر بىلەن ئايال، قارىغۇ، توكۇر ۋە كېسەل ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق؛ ئەگەر تەسلىم بولسا ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش جائىز لېكىن كاپىرلارغا تەسلىم بولۇشتىن كۆرە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئەۋزەل، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە شەھىدلەر قاتارىدا بولىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ئايال تەسلىم بولسا كاپىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۆزىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىم چۈنكى ئۆزىنى

---

① ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10- توم 214- بەت، ئىبنى قۇدامەنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 364- بەت.

ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن زىناغا تەسلىم بولۇش ئۇ ئايالغا جائىز بولمايدۇ.

مۇسۇلمان زېمىنلىرىدىن بىرەر زېمىنغا دۈشمەن باستۇرۇپ كىرسە، باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ زېمىندىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشى ۋاجىب. ئەگەر دۈشمەن بىر كىشىنىڭ زېمىنىدىن ناماز قەسىر قىلىنىدىغان مۇساپىگىچىلىك ئارىلىقتا چۈشسە (يەنى بۇ ھازىرقى ئەسىردە 80 كىلومېتىرغا تەڭ)، شۇ زېمىن ئەھلىگە جىهاد پەرز بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەم جىهاد پەرز بولىدۇ.

ئىمام ماۋەردى بۇ خىل ھالەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى بۇ، دۈشمەن زېمىنىغا يۈرۈش قىلىنغان جىهاد بولماستىن بەلكى ئىسلام زېمىنلىرىنى كاپىرلاردىن قوغدايدىغان قوغدىنىش جىهادى، شۇڭا بۇ، ئۇرۇش تاقىتى يەتكەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر».

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر شەھىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كىرگەندە، ناماز قەسىر قىلىنىدىغان مۇساپە ئىچىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ شەھەر ئەھلىگە (يەنى شۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارغا) ياردەم بېرىش ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئۇلار دۈشمەنگە ئاجىز كەلسە، ئۇلاردىن يىراق بارلىق مۇسۇلمانلارغا جىهادقا چىقىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر كاپىرلارغا قارشى يېتەرلىك كىشىلەر جىهادقا چىقسا، باشقا كىشىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ لېكىن ئۇلار كاتتا ئەجىر ۋە مىسلىسىز ساۋابتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىدا: «كاپىرلار بىرەر شەھەرگە بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، شەھەر ئەھلىگە ئەڭ يېقىن

مۇسۇلمانلارغا، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا، تاكى كاپىرلار بۇ شەھەردىن چىقىرىلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئازاد ئېتىلگەنلىك خەۋىرى يەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ھېچقانداق شەرتسىز ۋاجىب بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئەگەر كاپىرلار شەھەر ۋە تۇرالغۇ رايۇنلاردىن يىراق، كىشىلەر ياشىمايدىغان ئىسلام دىيارىدىكى تاغ، تۈزلەڭلىك ياكى بىرەر ماكانىنى ئىگىلىۋالسا، بۇ ماكاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشى ۋاجىب.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «(چېكىنىدۇرۇشكە مۇمكىنچىلىك بار تۇرۇپ) كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىيارىنى بېسىۋېلىشىغا ئىمكان بېرىش قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».[①]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ گەرچە كىرمىگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ھەمدە ئىسلام شەھەرلىرى، چېگرالىرى ۋە مەركەزلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى جىھادقا چىقىشى لازىم».[②]

ئىمام بەغەۋى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا باستۇرۇپ كىرسە، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە جىھاد پەرز ئەين، يىراقتىكى كىشىلەرگە پەرز كۇپايە بولىدۇ».[③]

بۇلار جىھادنىڭ پەرز ئەين ياكى پەرز كۇپايە بولۇشىغا ئالاقىدار بىر قىسىم تارماق مەسىلىلەردۇر.

---

[①] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 216 ـ بەت.

[②] «تفسير القرطبي» 8 ـ توم 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

[③] بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 374 ـ بەت.

## جىھادتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم تەھدىتلەر

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن اللە تىن، اللە نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللە نىڭ ئەمر (يەنى مەككىنى فەتھە قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، اللە پاسىق قەۋمنى (يەنى اللە نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ>». [1]

بۇ ئايەتتە مال ـ مۈلۈك ۋە ئەھلى ـ ئەۋلاد قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك نەرسىنىڭ مۇھەببىتىگە بېرىلىپ، جىھادتىن يۈز ئۆرۈپ تەرك ئەتكەن كىشىلەرگە يېتەرلىك تەھدىت، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇشلار بار. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! بۇنىڭدىن ئۆزۈڭلارغا ئىبرەت

[1] سۈرە تەۋبە 24ـ ئايەت.

ئىلىڭلار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ۞ إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ۞﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38]. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [39]». ①

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت — جىھادنى تەرك ئەتكەن، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ۋە جىھادقا چىقىشقا ئالدىرىمىغان كىشىلەرگە الله تائالا تەرىپىدىن بولغان ئەيىبلەش ۋە كايىشتۇر. ﴿اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الأَرْضِ﴾ <يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟> يەنى بۇنىڭ مەنىسى: <زېمىننىڭ نېئمەتلىرىگە ياكى بۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشقا رازى بولدۇڭلارمۇ؟>

ئىمام (يەنى مۆئمىنلەر ئەمىرى) ئۇلارنى بىرەر قەۋمگە قارشى جىھاد قىلىشقا ئەمىر قىلسا، ئۇلارنىڭ جىھادقا سۇسلۇق قىلىشى

---

① سۈرە تەۋبە 38-، 39- ئايەتلەر.

دۇرۇس بولمايدۇ چۈنكى ئىمامنىڭ ئۇلارنى جىھادقا چاقىرىشى بىلەن جىھاد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەيىن بولىدۇ». ①

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللَّهِ وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ ۞ فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ ۞ فَإِنْ رَجَعَكَ اللَّهُ إِلَى طَائِفَةٍ مِنْهُمْ فَاسْتَأْذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُلْ لَنْ تَخْرُجُوا مَعِيَ أَبَدًا وَلَنْ تُقَاتِلُوا مَعِيَ عَدُوًّا إِنَّكُمْ رَضِيتُمْ بِالْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَاقْعُدُوا مَعَ الْخَالِفِينَ ۞ وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ ۞﴾ «رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): <ئىسسىقتا چىقماڭلار> دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)> [81]. ئۇلار قىلمىش (گۇناھ)لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئازكۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن [82]. ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ

① «تفسير القرطبي» 8-توم 140- ۋە 142- بەتلەر.

قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقمىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار> [83]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن! چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى [84]». ①

الله سىزگە رەھمەت قىلسۇن! بۇ ئايەتتىكى جىھادتىن ئارقىدا قالغان، چىقماي ئولتۇرۇۋالغان ۋە جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشنى يامان كۆرگەن كىشىلەرگە قىلىنغان قورقۇنچلۇق ۋەدە، كاتتا شەرمەندىلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراڭ! گەرچە بۇ ئايەت مۇناپىقلاردىن مۇئەييەن بىر تۈركۈملىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئايەتتە شۇلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان ۋە ۋاجىب بولغان جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن قورقۇتۇش ۋە تەھدىت باردۇر. بۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ نەقەدەر يامان، ئازابقا تېگىشلىك ۋە شەرمەندىلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز سىزگە يېتەرلىك. لا حول ولا قوة إلا بالله!

① سۈرە تەۋبە 81- ئايەتتىن 84- ئايەتكىچە.

جىھادتىن ئۆلتۈرۈپ قېلىشتىن توسىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر:

9. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، اللہ سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە اللہ تائالا ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ». [1]

ھەدىسنىڭ مەنىسى، كىشىلەر جىھادنى تەرك ئېتىپ، تىجارەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق دۇنياۋى مەنپەئەتلەرگە بېرىلىپ جىھادقا تەييارلىق قىلمىغانلىقى ۋە ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇۋاتقان دۇنيالىق ئىشلىرىغا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران بولىدۇ چۈنكى اللہ تائالا ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى خار-زەبۇنلۇققا تاشلاپ قويىدۇ؛ تاكى ئۇلار اللہ تائالا ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش، دىنىنى تۇرغۇزۇش، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغۇچە، ئۇلار بۇ خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە» دېگەن سۆزى جىھادنى تەرك ئېتىش، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش، دۇنياغا پېتىپ قېلىش، دىندىن چىقىپ كېتىش ۋە ئۆز دىنىدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەنلىككە دالالەت قىلىدۇ، شۇنداقلا جىھادنى تەرك

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەتكەنلىكى ئۇ كىشىنىڭ ئوپئوچۇق گۇناھ قىلغانلىقىغا يېتەرلىكتۇر.

كىشىلەر جىھادنى تەرك قىلسا، الله تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن نامراتلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. يەنى بۇ ماددىي نامراتلىق بولماستىن بەلكى مال ـ دۇنياغا ھېرىس بولۇش ۋە ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت مەنىۋي نامراتلىقتۇر. كىمدە مۇشۇ سۈپەتلەر تېپىلسا، گەرچە ئۇ كۆپ مالدار كىشى بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا كەمبەغەلدۇر ۋە پېقىردۇر.

10. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي بايلىق مالنىڭ كۆپ بولۇشى ئەمەس بەلكى نەپسىنىڭ بايلىقى»[1]

قەلبنىڭ بايلىقى — ھەقىقىي بايلىق، قەلبنىڭ پېقىرلىقى — ھەقىقىي پېقىرلىقتۇر. بىز كىشىلەر ئارىسىدىن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار جىھادتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقىتتا ھەرخىل مۇباھ ۋە ھارام كەسىپلەرگە يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە پېقىرلىق، مال ـ دۇنياغا بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك ۋە زىيادە ئاچكۆزلۈكنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئۇلار ئۆزىگە ۋاجىب بولغان ھەقلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى تەرك قىلىدۇ ھەمدە باج ـ سېلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھارام ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس، ئازغىنە ماتالىرى ئۇلارنىڭ نەزىدە تولىمۇ كۆپ ۋە بۈيۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۇنيا ۋە مال ـ مۈلۈككە بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇق ئۇلارنى خار قىلىۋەتتى. سەن كۆپىنچە ھالدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

خارلىق ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرسەن. چۈنكى مال ـ دۇنياغا بولغان ئاچكۆزلۈك ۋە مال ـ دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشلەر ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار شۇ نەپ يەتكۈزۈۋاتقانلارغا خار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەپسى ۋە قەلبىدە باي بولغان بولسا ئىدى، چوقۇم ھۆر بولغان بولاتتى. گەرچە ئۇ كاتتا بايلىقنىڭ ئىگىسى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ئىززەتلىك كۆرۈنسىمۇ، دەرھەقىقەت ئۇ پېقىر ۋە خاردۇر، خارلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالغان، ئۇ شۇ خارلىقتا ھايات كەچۈرىدۇ.

مۇجاھىدلار ھەقىقەتەن ھېچقانداق پېقىرلىق ۋە خارلىقنى سەزمىگەن ھالدا ئۆز قىلىچلىرى بىلەن غەنىيمەت يوللىرى ئارقىلىق رىزىقلاندۇرۇلىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ رىزقى قىلىچ بىلەن ئېلىنغاندۇر. الله تائالادىن باشقا ھېچبىر كىشىگە رىزىق ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يوق. شۈبھىسىزكى، غەنىيمەت ساپ ۋە ھالال نېسىۋىدۇر، ئۇ قەلبكە نۇر بېغىشلايدۇ ھەمدە بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشنى قەلبتىن يوقىتىدۇ. غەنىيمەتتىن رىزىقلىنىۋاتقان مۇجاھىدنىڭ گەرچە قولى قىسقا ۋە پېقىر بولسىمۇ لېكىن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭدۇر، ئۇنىڭ شۇئارى ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقتۇر. گەرچە ئۇ غېرىب ۋە خار كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇئمىنلەر ھەققىدە نازىل بولغان مۇنۇ سۆزى تەتبىقلىنىدۇ: ﴿فَسَوْفَ يَأْتِي اللهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ﴾ «الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت

قىلغۇچىنىڭ مالامەتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ». ①

ئەمما، شۇبھىلىك رىزىقلارغا ئېرىشكەن ۋە باشقىلاردىن تەمە قىلىش خارلىقىغا مۇپتىلا بولغانلار قارىماققا ئەزىز كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بەربىر ھەر تۈرلۈك خارلىقلارغا تولغان بولىدۇ؛ توپلىغان نەرسىلىرى بىلەن كۆرۈنۈشتە گەرچە باي كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىچكى دۇنياسىنى تويمىغۇرلۇق ۋە تەمەخورلۇقى سەۋەبلىك پېقىرلىق بېسىپ كەتكەن. دۇنياۋىي كەسپلەر ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە پەقەت ناچار ئەخلاقلارنى قالدۇردى. ﴿وَاللَّهُ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ». ②

بۇ مەنىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى كۈچلەندۈرىدۇ: «الله يولىدىكى جىھاد — جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكتۇر. كىمكى جىھادنى تەرك قىلىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭغا خارلىق كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنى بالايى ـ مۇسىبەت ئوروۋالىدۇ، خارلىق ۋە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ».

11. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلماي ياكى غازات قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ». ③

12. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ

① سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەقەرە 213 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ مۇسلىم رىۋايىتى.

ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ». ①

## جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ باتىل ئۆزرىلىرى

ئى پەرز قىلىنغان جىھادنى تەرك ئەتكۈچى، ھىدايەت ۋە توغرا يولدىن يۈز ئۆرۈگۈچى! شۇنى بىلگىنكى، سەن الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىش ۋە يىراق بولۇشقا دۇچار بولۇپ قالدىڭ ھەمدە مۇراد-مەقسەتلىرىڭگە يېتىش بىلەن بەختكە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالدىڭ، بۇ سېنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. ئەجىبا سېنىڭ جەڭدىن، قەھرىمانلار مەيدانىغا بۆسۈپ كىرىشتىن، الله يولىدا جان ۋە ماللىرىڭنى ئاتاشتىن ئولتۇرۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى پەقەت ئارزۇلىرىڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ئەجەل يېتىشىدىن قورقۇش، ئەھلى-بالىلىرىڭ، مال-دۇنيالىرىڭ، خىزمەتچىلىرىڭ، قېرىنداشلىرىڭ، يېقىنلىرىڭ، دوستلىرىڭ ۋە قەدىناسلىرىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورقۇش، ياخشى ئەمەللەرنىڭ «زىيادە بولۇپ قېلىشى»دىن ئەنسىرەش، ساھىبجامال ئاياللىرىڭنىڭ مۇھەببىتى، يۈز-ئابرۇي، ئېسىل مەنسەپ، قەسىر-ساراي، راھەت سايە، گۈزەل كىيىم-كېچەك ۋە ياكى مەززىلىك تائاملارنى ياخشى كۆرۈشتۇر. سېنى مۇشۇ سەۋەبلەردىن باشقىسى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويمايدۇ ۋە ئالەملەرنىڭ رەببىسىدىن يىراق بولۇشىغا سەۋەب بولمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بۇ پوزىتسىيەڭ ناچاردۇر. سەن الله تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سالمامسەن؟! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر».[1]

ساڭا ئېيتىلغان كەسكىن ھۆججەتلەرگە ۋە ساڭا تاشلانغان ئۆتكۈر پاكىتلارغا قۇلاق سال! ئاندىن سېنى جىھادتىن ئۇلتۇرغۇزۇپ قويغانلىق سەۋەبلىك نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قويغان نەرسىنىڭ پەقەت نەپسىڭ ۋە شەيتان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن.

بىرىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

سېنىڭ ئارزۇ-ئارمانغا پېتىپ قېلىشىڭ، ئەجەلنىڭ كېلىشىدىن قورقۇشۇڭ، ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمدىن ھەزەر ئەيلىشىڭ ۋە چوقۇم بېسىپ ئۆتۈش كېرەك بولغان يولدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشۇڭ خاتادۇر ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا كەلتۈرگەن ھۆججەتلىرىڭ باتىل ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئالغا ئىلگىرىلەش كىشىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئارقىغا چېكىنىش ھەم كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ

[1] سۈرە تەۋبە 38- ئايەت.

﴿فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «ھەر ئۇممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ» .[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ يُؤَخِّرَ اللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَاءَ أَجَلُهَا وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر» .[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ ثُمَّ إِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾ «ھەربىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر» .[③]

ئى (ھەمىشە) ئىمتىھان قىلىنىغۇچى (بەندە)! (بىلگىنكى،) ئۆلۈمنىڭ سەكراتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ باش-ئاخىرى ئىنتايىن ۋەھىملىكتۇر. قەبرىدە سالىھ كىشىلەردىن باشقىلىرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغان ئازاب ھەمدە سوراق قىلغۇچى ئىككى پەرىشتىنىڭ سورىقى باردۇر. الله ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ﴾ «الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن

---

① سۈرە ئەئراف 34- ئايەت.

② سۈرە مۇنافىقۇن 11- ئايەت.

③ سۈرە ئەنكەبۇت 57- ئايەت.

دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ».[1]

ئاخىرەتتىكى خەتەر تېخىمۇ يامان! ئىنسان ياكى بەختلىك كىشىلەردىن بولۇپ، نېئمەتلىك جەننەتلەردە بولىدۇ؛ ياكى بەختسىز ئىنسانلاردىن بولۇپ، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. شەھىد مانا بۇ يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەمىن بولغۇچى بولۇپ، بۇ ھالاكەتلەرنىڭ ھېچبىرىدىن ئازراقمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۆلتۈرۈلۈش شەھىدكە ھېچقانداق ئاغرىق ئازابى ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئاغرىقىنى پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا سىزىدۇ.

13. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بىرىڭلارنى چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ».[2]

ئى قېرىنداشىم! مۇشۇنداق پۇرسەتتىن سېنى نېمە ئۇلتۇرغۇزۇپ قويىدۇ؟!

ئاندىن كېيىن قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىسەن، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى مەنزىلگە يېتىسەن، سوئال ـ سوراقنىڭ پىتنىسىدىن، دەھشەتتىدىن ۋە قورقۇنچلىرىدىن ئەمىن بولىسەن.

شەھىدلەر — الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھايات بولۇپ، ئۇلار رىزىقلاندۇرۇلىدۇ؛ ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ؛ ئۇلار الله تائالا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان نەرسىلەرگە خۇرسەن بولۇپ، كەينىدە قالغان قېرىنداشلىرىغا خۇش بېشارەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولۇپ، ئالىي ئورۇنلاردا سەيلە قىلىدۇ. بۇنداق ئېسىل ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈش

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىلەن ئەلەملىك ئۆلۈم ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن بەك چوڭدۇر. كىمكى شۇنداق ئۆلۈمگە مۇۋەپپەق بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن بەختلىك ئادەمدۇر!

ئىككىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مېنى جىھادتىن ئەھلىم، مېلىم ۋە بالا - چاقىلىرىم توسۇپ قويدى» دېسەڭ، بۇ ئۆزرەڭمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ بەلكى ئۇ باتىل ئۆزرىدۇر.

چۈنكى الله تائالا ئىنتايىن روشەن ۋە ئوچۇق ھالدا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُم بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِندَنَا زُلْفَى إِلَّا مَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ لَهُمْ جَزَاء الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ آمِنُونَ﴾ «ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ.»[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاء وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن تۈپلانغان كۆپ ماللار،

[1] سۈرە سەبەئ 37- ئايەت.

ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَامًا وَفِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٌ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾ «بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ-زىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچەلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) الله نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر».[②]

بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ، ھۆججەتلەر ناھايىتى

---

[①] ئال ئىمران 14- ئايەت.

[②] سۈرە ھەدىد 20- ئايەت.

روشەن.

14. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر دۇنيا الله نىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك نەرسىگە ئەرزىگەن بولسا ئىدى، الله كاپىرغا بىر تامچە سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى».[1]

15. سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچە مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئەتىگىنى ياكى كەچلىكى بىر قېتىم الله يولىدىكى جىھادقا مېڭىشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى كېنىزىكىنىڭ بېشىدىكى ياغلىقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر».[2]

پات يېقىندا ئۆلۈم ئۇلارنى تاپىدىغان، قۇرت-قوڭغۇزلار يەپ چىرىپ كېتىدىغان ۋە ھەرخىل مۇسىبەتلەر ئاراڭلارنى ئايرىيدىغان ئەھلىڭلىرىڭ سېنى قانداقمۇ جەننەتتىكى بۇنداق كاتتا پادىشاھلىقتىن توسۇپ قالىدۇ!؟ ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكلىرى ئاشكارا بولۇپ تۇرۇۋاتقان، يامان ئەخلاقلىرى سادىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان، سېنىڭ ۋە كېتىپ قالغان نېسىۋىلىرى سەۋەبىدىن ساڭا ئاداۋەتتە بولىدىغان، پۇلۇڭ قالمىغاندا تاشلاپ كېتىدىغان، ئەھۋالىڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ساڭا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ھەم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەھلىڭ سېنى قانداقمۇ بۇ نېئمەتتىن ئۇلتۇرغۇزۇپ قويىدۇ!؟ تېخىمۇ يامىنى، قىيامەت كۈنى

[1] تىرمىزى ۋە بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇلار سەندىن قاچىدۇ، سوئال ـ سوراق مەيدانىدا بالىلىرىڭ ئىغىر يۈكلىرى ھەققىدە سەن بىلەن ھېسابلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى گۇناھ ۋە ئىغىرچىلىقلارنى ساڭا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ ۋە ياكى قولدىن كېتىپ قالىدىغان ۋە يوقىلىدىغان مال ـ دۇنيا سېنى قانداقمۇ جىهادتىن توسۇپ قالىدۇ!؟

مال ـ دۇنيا شۇنداق نەرسىكى، ئەگەر ئۇ بولمىسا دوستلىرىڭ سەندىن قاچىدۇ، ئەھلى ـ ئاياللىرىڭ ئايرىلىپ كېتىدۇ، «كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان» ئاغىنىلىرىڭ سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك، قىيامەت كۈنى — پۇل ـ ماللىرىڭنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە سەرپ قىلغانلىقىڭ ھەققىدە سوراق قىلىنىدىغان، بالىلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدىغان، دەھشەتلىك قورقۇنچ، ئىغىر قىستاڭچىلىق، خۇسۇمەتلەر قاتتىق بولىدىغان، ئانا ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، بۇ كۈننىڭ قورقۇنچىسىدىن ھەربىر ئىغىر بوي ئايال بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان، گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن تونۇلۇپ، كۆكۈلىسى ۋە پۇتلىرىدىن ئېلىنىدىغان، بايلار ئەرزان ـ ئېسىل، ئاز ـ كۆپ ماللىرى ھەققىدە ھېساب قىلىنىدىغان، كەمبەغەللەر بايلاردىن 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدىغان كۈندۇر!

16. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بايلاردىن يېرىم كۈن بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ يېرىم كۈن بولسا 500 يىلدۇر». [1]

ئەگەر سەن سۆيۈملۈك بالىلىرىڭنى، ئۇلارغا بولغان مېھرىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ ساڭا بولغان مېھرىبانلىقىنى ئەسكە ئالساڭ، الله

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايىتى؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قارا: ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاللهُ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە الله تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار». [①]

الله بىلەن قەسەمكى، الله تائالا ھەقىقەتەن بالىغا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن، ئانىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ۋە تاغىلىرىدىنمۇ بەكرەك مېھرىبان، ئەجىبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئەجىبا الله تائالا ئۇ بالىنى ئۇلاردىن ئىلگىرى قورساقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئۆز مېھرىبانلىقى بىلەن تەربىيىلىمىدىمۇ؟ ئۇنى ئانىسىنىڭ رەھمىدە، ئاتىسىنىڭ پۇشتىدا ئۆزىنىڭ رەھمەت قولى بىلەن ئۆرۈپ تۇرمىدىمۇ؟ بالاڭ سېنى قانداقمۇ نېئمەت دىيارلىرىدا اللهقا يېقىن بولۇشۇڭدىن توسۇپ قالىدۇ؟! ئەگەر بالاڭ كىچىك بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن غەمكىنسەن؛ چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن غەمكىنسەن. ئەگەر ئۇ سالامەت بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەندىشە قىلىسەن؛ ئەگەر ئۇ كېسەل بولسا، قەلبىڭ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ئېچىشىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەدەپلىسەڭ ئۇ ئاچچىقلىنىدۇ، غەزەپلىنىدۇ؛ نەسىھەت قىلساڭ ئاداۋەت قىلىدۇ. كۆپىنچە بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن بالاڭ سەۋەبلىك كاتتا نېئمەتنى تاشلامسەن؟! گەرچە سەن شىجائەتلىك بولساڭمۇ، ئۇ سېنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ؛ گەرچە سەن كەڭ قورساق، سېخىي بولساڭمۇ، ئۇ سېنى بېخىل قىلىپ قويىدۇ؛ گەرچە سەن دۇنيانى تەرك ئەتسەڭمۇ، ئۇ سېنى قىزىقتۇرىدۇ. دېمەك، بالىنىڭ پىتنىسى ناھايىتى چوڭ ئەمما سەن بۇنى ئېھسان دەپ بىلىسەن؛ ئۇنىڭ

① سۈرە تەغابۇن 15 ـ ئايەت.

بالا ـ مۇسىبىتى كۆپ بولىدۇ ئەمما سەن بۇنى نىئمەت دەپ قارايسەن؛ گەرچە ئۆزۈڭ غەم چەكسەڭمۇ، ئۇنىڭ خۇرسەن بولۇشىنى ياخشى كۆرىسەن؛ ئۆزۈڭ ھەسرەتكە قېلىش بەدىلىگە ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىنى، ئۆزۈڭ زىيان تارتىش بەدىلىگە ئۇنىڭ پايدا تېپىشىنى، سېنىڭ ساۋاب تارازاڭنىڭ يېنىكلەپ قېلىشى بەدىلىگە ئۇنىڭ دىنار ـ دەرھەملىرىنىڭ زىيادە بولۇشىنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزۈڭ قادىر بولالمايدىغان يوكنى ئۇستۈڭگە ئالىسەن، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ھەرقانداق تارچىلىققا كىرىشكە رازى بولىسەن!

ئوغلۇڭنى سېنى ۋە ئۇنى ياراتقان الله تائالاغا تاپشۇرغىن! سېنىڭدىن كېيىن ئوغلۇڭنىڭ رىزقىدا ساڭا ۋە ئۇنىڭغا رىزىق بېرىپ تۇرغان زاتقا تەۋەككۇل قىلغىن! سەن ۋاپات بولغىنىڭدىن كېيىن، بۇ بالاڭنى ئىرادە قىلىش ئىشىدا الله قا تەسلىم بولالمايۋاتساڭ، الله نىڭ پادىشاھلىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىدىكى تەدبىرلىرىگە قانداقمۇ تەسلىم بولىسەن!؟ سېنىڭ بالاڭنى ئىرادە قىلىشتا ئاز ـ كۆپ بولسىمۇ ئىمتىيازىڭ بارمۇ؟

ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى الله تائالاغا خاستۇر، قايتىپ بارىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. سەن بالاڭغا ياكى ئۆزۈڭگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ۋە بىرەر زىياننى قايتۇرۇش، ئۆلتۇرۇش، تىرىلدۇرۇش ۋە ھاياتلىق بېغىشلاشقا قادىر بولالمايسەن؛ سەن ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ۋە رىزقىنى كىچىككىنە بولسىمۇ زىيادە قىلىشقا قادىر ئەمەسسەن.

ئۆلۈمۈڭ سېنى تۇيدۇرماستىن ئوۋلايدۇ، ئەسىر بولغان ھالدا ئەمىلىڭ بىلەن قەبرىڭگە تېز يېتىپ بارىسەن، ئەزىز بالاڭ سەندىن كېيىن يېتىم بولىدۇ، سېنىڭ ماللىرىڭ ياكى دۇشمىنىڭ بولسۇن

ۋە ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بولسۇن ۋارىسلىرىغا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن: «ھەي ئىسىت! شەھىدلەر بىلەن بىرگە بولغان بولسام زور پايدىغا ئېرىشكەن بولار ئىدىم» دەيسەن. ساڭا ئېيتىلىدۇكى: «بۇنىڭغا ئەمدى پۇرسەت يوق! كەتكەن نەرسە كەتتى، ھەسرەت ئېغىرلاشتى، ئەمەللىرىڭ ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى».

ھەممىدىن غالىب ۋە بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى زات الله تائالا سەن ئۆزرە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىشتىن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان سۆزگە قۇلاق سالغىن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَا يَجْزِي وَالِدٌ عَنْ وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَنْ وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾ «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار. شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ. الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر. سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار».[1]

ئەگەر بالاڭ بەختلىكلەر قاتارىدىن بولسا، سەن ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە جەم بولىسەن؛ ئەگەر بەختسىزلەر قاتارىدىن بولسا، ھازىردىن باشلاپ جەھەننەم ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى، ياخشىلار بىلەن يامانلار بىرلەشمەيدۇ.

---
[1] سۈرە لوقمان 33- ئايەت.

بەلكىم الله تائالا ساڭا شاھادەتنى نېسىپ قىلىپ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلارسەن، سېنىڭ ئايرىلىشىڭنىڭ ئۇنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشىگە ياردىمى بولۇپ قالار. سەن ئۆزۈڭنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھېرىسمەن بولغىنىڭ، سۇسلۇق قىلما. قىيامەت كۈنىدە كىشى ئۆز قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، دوستىدىن ۋە بالىسىدىن قاچىدۇ. بۇ كۈندە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلايدۇ. باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى بايان ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر! الله تائالا ھەقىقەتەن ئۆزى خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا باشلايدۇ.

ئۈچىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن جىهادقا چىقالمايمەن، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلار، دوست-يارەنلەردىن ئايرىلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنىڭ، قىيامەت پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. جان-جىگەر دوستلار بۇ كۈندە بىر-بىرىگە دۈشمەندۇر، پەقەت تەقۋادارلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر دوستلۇقۇڭلار الله ئۈچۈن بولغان بولسا، ئالىي ئورۇنلاردا بىرگە بولىسىلەر، مەڭگۈلۈك نېئمەت ئىچىدە ياشايسىلەر؛ ئەگەر دوستلۇقۇڭلار الله دىن غەيرى ئۈچۈن بولغان بولسا، يۈز بېرىدىغىنى جۇدالىق! ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ مەقسەت-نىشانى بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاخىرەتتە بىرگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دوستى تەقۋا بولسا، دوستلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ؛ ئەگەر بەدبەخت بولسا، قېرىنداشلىرىغا زىيان سالىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يامان دوستلىرىڭنىڭ دۇنيادىمۇ ھەم قوپاللىق، اللە يولىدىن توسۇش، ۋاپاسىزلىق، خىيانەت، سەممىيەتسىزلىك، ئىككى يۈزلىمچىلىك، رەڭۋازلىق، يامانلىق قىلىش، يۈز ـ ئابرۇيۇڭ قالمىغان ۋاقتىدا سېنى تەرك ئېتىش ھەمدە قەلبلىرىدىكى يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەردىن ئىبارەت بالايى ـ ئاپەتلىرى بار.

ئەگەر سەن ئېغىرچىلىقتا قالساڭ، ئۇلار سېنى تاشلايدۇ؛ ئەگەر خاتالاشساڭ، سەندىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ؛ ئۇلار ياخشىلىقتا دوست، قىيىنچىلىقتا دۈشمەندۇر. دوستلۇقى بايلىققا باغلانغان، ھەمراھلىقى مۇشەققەت بىلەن تولغان. ئەگەر مېلىڭ ئاز بولسا، سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ؛ ئەگەر ئەھۋالىڭ ناچارلاشسا، قېرىنداشلىرىڭمۇ قېرىنداشلىقتىن قول ئۈزىدۇ. ئەگەر سەن بۇ سۆزلەردىن شەك قىلساڭ، ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سىناپ باققىن! ئەگەر سەن ئۇلاردىن خالىس دوستلارنى تۇتماقچى بولساڭ، ئۇنداقلار قەيەردە؟ ياكى بىرەر ۋاپادار دوست تۇتماقچى بولساڭ ئۇنداقلارنى كۆرمەيسەن. سېنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىڭ راستچىللارنىڭ ئەڭ راستچىلى بولغان زات ئېيتقاندەك بولىدۇ: ﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ». [1]

سېنى يېقىنلارنىڭ ۋە دوستلارنىڭ جىهادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەس. بەزىدە سىلەر ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئايرىلىپ كېتىسىلەر. بۇ چاغدا سەن كاتتا ئەجىردىن مەھرۇم

[1] سۇرە ھىجىر 47 ـ ئايەت.

قالىسەن ـ دە، يوقاتقان نەرسىگە نادامەت قىلىش پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىتتا نادامەت قىلىسەن.

17. سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى: <ئى مۇھەممەد! خالىغانچە ياشىغىن، بەرىبىر ۋاپات بولىسەن؛ خالىغان كىشىنى ياخشى كۆرگىن، بەرىبىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن؛ خالىغىنىڭنى قىلغىن، ئېرىشكەن ئەجرىڭ بەرىبىر شۇنىڭغا قاراپ بولىدۇ. بىلگىنكى، مۇئمىننىڭ شەرىپى كېچىدە قىيامدا تۇرۇشتۇر، ئىززىتى كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇشتۇر>».[1]

ئۆلۈمنى ئەسلەش، ياخشى كۆرگەن كىشىلەردىن ئايرىلىش، ئەمەلگە قاراپ ئەجىر ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قىسقىغىنە كەلىمىلەردىكى مەزمۇنلارغا نەزەر سالغىن! بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش بولامدۇ؟! بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار!

تۆتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن مەنسىپىم، ئالىي يۇز ـ ئابرۇيۇم ۋە ئىززەت ـ شەرىپىمدىن ۋاز كېچىپ جىھادقا چىقالمايمەن» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل ۋە بۇ دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ.

ھەي ئىنسان! بۇ مەنسەپ ساڭا نېسىپ بولغۇچە قانچىلىغان ياخشى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلغان!؟ بۇ ساڭا ئۆز سايىسىنى تاشلىغۇچە، ئۇ قانچىلىغان ھېرىسمەنلەردىن ئۆز سايىسىنى ئالغان!؟ بۇ سەندىن ئىلگىرىكىلەردىن ئايرىلغانغا ئوخشاش

[1] تەبرانى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

سەندىنمۇ ھەم يېقىندا ئايرىلىدۇ. سەن بۇنىڭ بىلەن خۇددى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا قايتىپ قالىسەن. ئەگەر سەن بۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقىڭغا يىغلىساڭ، قەلبىڭ ھەسەت بىلەن تولىدۇ، يۈرىكىڭ غەم-قايغۇ بىلەن پۈتىدۇ. سېنىڭ ئەمەل-مەنسىپىڭ ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ ئەمەس. سەن تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشەلمەيسەن.

مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئىچىدە جەھەننەمدىن چىقىپ، ئەڭ كەينىدە جەننەتكە كىرىدىغانلارغا الله تائالا دۇنيا پادىشاھلىقىنىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر پادىشاھلىقنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇنداقتا، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، سالىھلار ۋە شەھىدلەردىن بولغان، ئىماندا ئىلگىرى بولغۇچىلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلار ھەققىدە قانداق ئويلايسەن؟!

ئۇنىڭدىن سىرت، مەنسەپتە ھېرىپ-چارچاش، ئاخىرەتلىكنىڭ يامان بولۇشى ھەم بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىلغان ئىشلىرىڭدا دۈشمەنلىرىڭنىڭ ۋە ھەسەتخورلارنىڭ كۆپلۈكىنى؛ بۇلارنىڭ ئىچىنىڭ گىنە-ئاداۋەتلەرگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى؛ ھەشەمىتىڭ، خىزمىتىڭ ۋە قەدىمىڭنى سۆيۈش بىلەن خۇرسەن بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بولسا مەنسىپىڭدىن مەھرۇم قېلىپ غەمكىن بولغان ۋاقتىڭدا سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە (بۇ ھالىڭغا قاراپ) مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنلىكىنى كۆرىسەن.

شۇڭا، جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى تەلەپ قىلغىن! الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە قۇلاق سال: ﴿أَفَمَنْ هُوَ قَائِمٌ عَلَى كُلِّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَجَعَلُوا لِلَّهِ شُرَكَاءَ قُلْ سَمُّوهُمْ أَمْ تُنَبِّئُونَهُ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي الْأَرْضِ أَمْ بِظَاهِرٍ مِنَ الْقَوْلِ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مَكْرُهُمْ وَصُدُّوا عَنِ

السَّبِيلِ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ ۞ لَهُمْ عَذَابٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَقُّ وَمَا لَهُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ وَاقٍ ۞﴾ «ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى الله قا شېرىك قىلدى. ئۇلارغا: <بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، يەر يۈزىدە الله بىلمەيدىغان نەرسىلەر باردەك سىلەر ئۇلارنى الله قا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ياكى قۇرۇق گۇمان بىلەن (ئۇلارنى الله نىڭ شېرىكلىرى دەۋاتامسىلەر؟)> دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ [33]. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ [34]». [1]

الله بىلەن قەسەمكى، بۇ، كۆزلەر خۇرسەن بولىدىغان، ئەمەل قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى ۋاجىب بولىدىغان نەرسىلەردۇر.

بەشىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «قەسىرىم ۋە ئۇنىڭ خۇش ھۇزۇرلۇق سايىسى، مۇستەھكەم قورۇلۇشى، ئورنىنىڭ بەلەنلىكى، ئۇنىڭدىكى ھەشەمەت، خىزمەتچىلەر ھەمدە ئۇ يەردىكى تەختلىرىم ۋە تۈرلۈك نازۇ-نېئمەتلەردىن ئايرىلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

سەن سۆزلەۋاتقان، سېنى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويغان

[1] سۇرە رەئد 33 - 34- ئايەت.

قەسىرىڭ قانچىلىك؟ ئۇ پەقەت لاي، تاش، تۇپا، كېسەك، ياغاچ ۋە تۆمۈرلەردىن ياسالغان بىر ئۆي خالاس. ئەگەر ئۇ سۇپۇرۇلۇپ تۇرمىسا، ئەخلەتلەر بېسىپ كېتىدۇ؛ چىراغ ياندۇرۇلمىسا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ؛ ئەگەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرمىساڭ، تېزلا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ؛ گەرچە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ھامان خارابىلىققا ئايلىنىدۇ؛ ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن توپىغا ئايلىنىدۇ، ئىچىدىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ، ئىزى ئۆچىدۇ، مەلۇماتلىرى كۆمۈلىدۇ، تۇرمۇشلىرى سۇپۇرۇلىدۇ ۋە نامى يوقىلىدۇ.

ئى تەكەببۇر نادان! سەن بۇ تېز يوقىلىدىغان قەسىرىڭنى مەڭگۈلۈك، ئالىي، نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، خۇشاللىقى ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان قەسىرلەرگە ئالماشتۇرغىن!

ئەگەر سەن جەننەتنىڭ بىنالىرىدىن سورىساڭ، بىر خىشى ئالتۇن، بىر خىشى كۈمۈشتۇر. بۇ يەردە چارچىمايسەن، ھارمايسەن؛ ئەگەر تۇپرىقىدىن سورىساڭ، ئىپار ۋە ئەنبەردۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئۇششاق تاشلىرىدىن سورىساڭ، ئۈنچە-مارجاندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆستەڭلىرىدىن سورىساڭ، بىر ئۆستەڭ سۈت، يەنە بىر ئۆستەڭ ھەسەل ۋە يەنە بىر ئۆستەڭ ھەۋزى كەۋسەردۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ قەسىرلىرىدىن سورىساڭ، ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتۇر؛ بويۇكلۈكى 70 مىل چاقناپ تۇرغان يېشىل نۇرلۇق يېشىل زۇمرەت ياكى قىزىل ياقۇتتۇر. ئۇ قەسىرنىڭ ھەربىر تەرىپىدە جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرغان كېنىزەكلەر ۋە غىلمانلار بار. قەسىرنىڭ كەڭلىكىدىن ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ كۆرپىلىرىدىن سورىساڭ، ئەستەرلىرى تاۋار-دۇردۇنلاردۇر. ئۇنداقتا، بۇنىڭ تېشى قانچىلىك گۈزەل-ھە؟!

ئىككى كۆرپىنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىزلىك 40 يىللىق مۇساپە. جەننەت ئەھلى بۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە بېقىشىپ مۇڭدىشىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىدە مۇگدەپ قالمايدۇ ياكى ئۇخلاپ قالمايدۇ.

ئەگەر سەن ئۇنىڭ تائاملىرىدىن سورىساڭ، داستىخانلىرى ئۈستىدە تائاملىرى ئۈزۈلمەيدۇ. زېمىنىنىڭ كەڭلىكىدىن مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ ياكى چەكلىنىپ قالمايدۇ، سەن ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭلۈڭ تارتقان قۇشلارنىڭ گۆشلىرى بار. جەننەت ئەھلى ئاغزى پېچەتلەنگەن شىرىن تەملىك ئىچىملىكلەر بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ پېچىتى ئىپاردۇر. قىزىققۇچىلار ئەنە شۇنىڭغا قىزىقسۇن! جەننەت ئەھلى چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ. يېگەن نەرسىلىرى تېرىلىرىدىن ئەنبەر پۇرىقىدا تەر بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، قورساق ئىچى يەنە ئىلگىرىكىدەك بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر سەن جەننەتنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن سورىساڭ، الله تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَنْثُورًا ۞ وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا ۞ عَالِيَهُمْ ثِيَابُ سُنْدُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوا أَسَاوِرَ مِنْ فِضَّةٍ وَسَقَاهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا ۞ إِنَّ هَذَا كَانَ لَكُمْ جَزَاءً وَكَانَ سَعْيُكُمْ مَشْكُورًا ۞﴾ «قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلىقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن [19]. قاچانىكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان)

نېئمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن [20]. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۇزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ [21]. شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى [22]». ①

يۇقىرىدا مەن ساڭا سۆزلەپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەن مەلۇماتلاردۇر. جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، خىيالغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر باردۇر. ئەگەر سەن جەننەت ئەھلىنىڭ بۇ كاتتا نېئمەتتە، ئېسىل ئورۇنلاردا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ: ئۇلار ھەمىشە ھايات بولۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ؛ ھەمىشە ياش بولۇپ، قېرىمايدۇ؛ ھەمىشە ساق بولۇپ، كېسەل بولمايدۇ؛ ھەمىشە خۇشاللىق ئىچىدە بولۇپ، غەم-قايغۇ يەتمەيدۇ؛ ھەمىشە رازىمەنلىك ئىچىدە بولۇپ، خاپىلىق يەتمەيدۇ. بۇلار نېئمەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە قولدىن كېتىشىدىن مەڭگۈ خاتىرجەمدۇر.

جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «سبحانك اللهم» (ئى الله ! سەن پاكتۇرسەن)، سالىمى: «سلام» (ئامان بولۇڭلار!) ۋە دۇئالىرىنىڭ ئاخىرى: «أن الحمد لله رب العالمين» (جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر) دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمەيدىغان كاتتا پادىشاھلىق بىلەن ئۆزۈڭنىڭ تېزلا خاراب

① سۈرە ئىنسان 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

بولىدىغان، قىممىتى يوق قەسىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى قىياس قىلىپ كۆرگىن. ئەجىبا، سەن ئۆزۈڭ تۇرغان قەسىردىن ۋاز كېچىپ، الله تائالا يولىدا شاھادەتكە ئېرىشسەڭ ئورنۇڭ قەيەردە بولىدۇ؟ بىلگىنكى، سېنىڭ بۇ قەسىرىڭ پەقەت غەپلەتتە قالدۇرىدىغان نەرسىدۇر. ھېچكىم ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زات الله تائالادەك خەۋەر بېرەلمەيدۇ.

ئالتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئەمەللىرىمنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن جىھادتىن قېلىپ قالدىم» دېسەڭ، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ باتىل ۋە دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ.

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ پەقەت ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالداش خالاس. الله بىلەن قەسەمكى، تەقدىر قىلىنغان ئەجەلنى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ ۞ إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ ۞﴾ «ئى ئىنسانلار! الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن. شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار [5]. شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ [6]».①

① سۈرە فاتىر 5 ـ ، 6 ـ ئايەتلەر.

سىنىڭ بۇ سۆزۈڭ پەقەت شەيتاننىڭ قىلتاقلىرىدىن بولۇپ، ھەرگىز ئەۋلىيا ـ سالىھلارنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەر سەن راستچىل كىشى بولساڭ جاۋاب بەرگىن، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرى سەندىن بەكرەك بۇنىڭغا ئىنتىلمەسمىدى؟! ئەگەر ساھابە ۋە تابىئىنلار ئەجەلنى كېچىكتۈرۈشكە مايىل بولغان بولسا، الله نىڭ يولىدا چوڭ خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلمىغان بولاتتى؛ ئەگەر ئۇلار شۇنىڭغا ھېرىس بولغان بولسا، مۇشرىك ـ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلمىغان ۋە شەھەر ـ يۇرتلارنى فەتىھ قىلمىغان بولاتتى.

ئى دۇنيا نېئمەتلىرىگە مەپتۇن بولغۇچى! الله تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سالامسەن؟! ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار؛ ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار؛ ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر».[①]

ئەگەر سەن ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، الله تائالانىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ باقامسەن؟! ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ

[①] سۇرە تەۋبە 41ـ ئايەت.

فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا﴾

«مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى». [1]

18. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشى، ئۆز ئۆيىدە يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر». [2]

ئى ئەخمەق! بىلگىنكى، مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى كېچىسى قىيامدا تۇرغاندىن ۋە ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتقاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر سەن راستچىل كىشى بولساڭ قېنى جاۋاب بەرگىن، ئەمىلىڭ ئەجىبا قوبۇل بولۇش بىلەن قوبۇل بولماسلىقىنىڭ ئارىسىدا تەۋرىنىپ تۇرمامدۇ!؟ ئەجىبا سېنىڭ ئالدىڭدا قورقۇنچلۇق ۋە چۈچىتىدىغان نەرسىلەر، ۋەھىمىلىك قىيامەت كۈنى يوقمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، قىلغان ئەمىلىڭ سېنى قۇتۇلدۇرالامدۇ ياكى

[1] سۈرە نىسا 95- ئايەت.
[2] تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

هالاك قىلامدۇ سەن بۇنى بىلمەيسەن. شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۆلسەڭلار ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭلار ئەلۋەتتە الله تائالانىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر!

يەتتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن ئايالىمنىڭ پىراقىغا تاقەت قىلالمايمەن، ئۇنىڭ جامالىغا مەپتۇنمەن، ئۇنىڭ يېقىنلىقىدىن ئۇلپەتلىنىمەن، ئۇنىڭ ۋىسالى بىلەن شادلىنىمەن» دېسەڭ، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

گەرچە سېنىڭ ئايالىڭ ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، شۇ زاماننىڭ ساھىبجامالى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى ئېتىلىپ چىققان بىر تامچە سۇ، ئاخىرى چىرىگەن جەسەت ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدا قورسىقىدا گەندە-سۈيدۈكلەرنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ھەيزى سېنى ئۇنىڭدىن (مەنپەئەتلىنىشتىن) يېرىم ئۆمۈر چەكلەپ قويىدۇ، ساڭا قىلغان ياخشىلىقىدىن جەبىر-جاپاسى كۆپتۇر. ئەگەر كۆزىگە سۈرمە تارتمىسا، چاپاق باسىدۇ؛ زىننەتلەنمىسە، سەتلىشىدۇ؛ ئەگەر چېچىنى تارىمىسا، پاخپىيىدۇ؛ ئەگەر مايلانمىسا، نۇرى ئۆچىدۇ؛ ئەگەر خۇشبۇيلىنىپ پاكلانمىسا، پۇرايدۇ؛ كۆپ كېسەل بولىدۇ، تېز زېرىكىپ قالىدۇ؛ ئەگەر يېشى چوڭايسا، مەيۈسلىنىدۇ؛ ئەگەر ئاجىزلىشىپ قالسا، قېرىيدۇ؛ ياخشىلىق قىلساڭمۇ، غەزەپلەنگەندە بۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

19. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلاردىن بىرىگە ئۆمۈر

بويى ياخشىلىق قىلساڭمۇ، ناۋادا سەندىن بىرەر يامانلىق كۆرسە: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ». [1]

سەن ئاياللىڭنىڭ ئەڭ مەينەت جايىنى ئارزۇ قىلىسەن، ئۇنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىن قورقىسەن ۋە سەندىن سوۋۇپ قېلىشىدىن غەم قىلىسەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتى سېنى ھېرىش، چارچاش، بەختسىزلىك ۋە باشقا يامانلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە سېنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاددى بىر ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن، سېنىڭ ھالاك بولۇشىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشى سەندىن ھاجىتىنى راۋا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئەگەر ئادا قىلالمىسا سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە سېنى تاشلاپ، سەندىن باشقىنى ئىزدەيدۇ، سەندىن بىزار بولۇپ، سېنى يامان كۆرۈدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەگەر ئۇ سىرتىغا ئاشكارا قىلمىسىمۇ، قەلبىدە شۇنداق دەيدۇ: «ماڭا خىراجەت قىلىپ تۇرغىن ياكى مېنى تالاق قىلغىن». قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سەن ئۇنىڭدىن پەقەت ئەگرى پېتى بەھرىمان بولىسەن. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىڭ پەقەت قىيىنچىلىق ۋە سىقىلىش ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

قىزىق ئىش...! ئۇنىڭ مۇھەببىتى سېنى نېمە ئۈچۈن شاد-خۇراملىق ماكانىدا، قەسىرلەرنىڭ سايىسىدا، ھۆرۈ-غىلمانلار بىلەن بىرگە ئۆسكەن، نۇردىن يارىتىلغان مەستۇرە قىزلارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن توسۇپ قالىدۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، شەھىدنىڭ قېنى قاتماي تۇرۇپ ھۆر ئەيىنلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆزى ھۆرنىڭ نۇرلىرىنى كۆرۈش بىلەن راھەتلىنىدۇ.

ئۇ شەھلا كۆزلۈك، ساھىبجامال ۋە توي قىلمىغان باكىرە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىزدۇر. ئۇ ئاقلىقتا خۇددى ياقۇتتۇر. سەندىن ئىلگىرى بىرەر ئىنسان ياكى جىن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان، سۆزلىرى شېرىن، قەددى ـ قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن، چاچلىرى سۇمبۇل، قەدرى كاتتا، قاپاقلىرى مەپتۇن قىلارلىق، ھۆسن ـ جامالى شۇقەدەر گۈزەل ۋە نۇرلۇق، يېقىملىق، شېرىن سۆزلۈك، تەبىئىي سۇرمە تارتىلغان ئاھۇ كۆزلۈك، خۇلقى تولىمۇ چىرايلىق، زىبۇ ـ زىننەتلىرى چاقناپ، يالتىراپ تۇرغان، مۇھەببەتلىك، زېرىكىپ قالمايدىغان، سەندىن باشقىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، سېنىڭ بارلىق ھەۋەسلىرىڭ بىلەن ساڭا مۇھەببەت باغلىغان نازىنىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تىرنىقى ئاشكارا بولسا، تولۇن ئاينىڭ نۇرى ئۆچىدۇ؛ ئەگەر بىلەيزۈكى كېچىلىرى ئاشكارا بولسا، ئالەمدە قاراڭغۇلۇق قالمايدۇ؛ ئەگەر بېغىشى ئاشكارا بولسا، بارلىق كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىدۇ؛ ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىغا بىر قارىسا، ئارىسىنى خۇشبۇي ھىد بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ؛ تۈزلۈق بىر دېڭىزغا تۈكۈرسە، تەمىنى شېرىن قىلىۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭغا ھەربىر نەزەر سالساڭ، گۈزەللىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك مۇڭدىشىپ ئولتۇرساڭ، ھۆسنۇڭگە ھۆسن قوشۇلىدۇ.

بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ھۆرلەرنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن ئولتۇرۇپ قېلىشى قانداقمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسۇن؟! ئەگەر بۇ كىشى ئۇچۇن جەننەتتە بۇنداق ھۆرلەردىن تېخىمۇ كۆپ بولسىچۇ؟!

بىلگىنكى، ئايالىڭدىن ئايرىلىش ئازغىنە مۇددەتلىك بىر ئىش بولۇپ، ھامان ئايرىلىسەن. الله خالىسا جەننەتتە يەنە بىرگە بولىسىلەر. ئۇ دىياردا بىرگە بولۇش نەقەدەر ئېسىل ـ ھە! ئەگەر ئۇ سالىھە ئايال بولسا، سەن بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالى ئارىسىدىكى

ئايرىلىشنىڭ ئىنىق بىر ۋاقتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم. ئاخىرەتتە ئۇ ھۆر ئەينىلەرنىڭ گۈزەللىكى بولۇپ، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ھالەتتە تاپىسەن. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن بارچە يامانلىق ۋە كۆرۈمسىز ھالەتلەر يوقالغان، ئەخلاقى گۈزەللەشكەن، ھۆسن ـ جامالى مۇكەممەللەشكەن، سۈرمە كۆز، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل كەبى مەستۇرە، ھەيز ـ نىپاسلاردىن پاك، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن، ئەيىب ـ نۇقسانسىز، شادلىقى زىيادە، يۈزلىرى نۇرانە، قەدرى كاتتا، ھۆسن ـ جامالىنىڭ نۇرى باشقا ھۆر ئەينىلەردىن ئەۋزەل، خۇددى ئۇ ھۆرلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئايالىڭدىن ئەۋزەللىكىگە ئوخشاش.

ئەگەر سەن الله يولىدىكى جىھاد سەۋەبلىك بۈگۈن ئايالىڭدىن ئايرىلساڭ، الله يېقىندا ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلىدىن بولسا، ئۇ سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ زىننەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش سىنى مەڭگۈلۈك ھايات بولغان ئاخىرەتتىن بوشاشتۇرمىسۇن! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ دۇنيا ياشايدىغان ماكان ئەمەس ۋە قوشۇلۇش ماكانىمۇ ئەمەس. دۇنيا شۇنداق بىر جايكى، بۈگۈن سىنى كۈلدۈرسە، ئەتە يىغلىتىدۇ؛ بۈگۈن سىنى شادلاندۇرسا، ئەتە ئۆلۈمى كېلىدۇ.

ئەگەر بۇ دۇنيادا نېئمەتلىرىڭ كاتتا بولسىمۇ، بۇنىڭ كەينىدىن ھالاكەت ئەگىشىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر دۇنيا بوستانلىق بولسا، قاقشاللىشىدۇ؛ جەم قىلىغان بولسا، ئايرىيدۇ؛ بىرلەشسە، جۇدا قىلىدۇ؛ ئاز بولسا، يەنىمۇ ئازلايدۇ؛ ئەگەر باي قىلسا، قاتتىقچىلىق ھەم ئەگىشىپ كېلىدۇ؛ كۆپ بولسا، ھالاك قىلىدۇ؛ ئاۋات قىلسا، كەينىدىن خاراب قىلىدۇ؛ ئاشكارا بولسا، يەنە يۈز ئۆرۈيدۇ؛

قىيىنچىلىق بىلەن ۋىسالىغا يەتسەڭ، جۇدالىقى ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىدۇ. ئۇ، يېقىنلىقى — يىراق، مەھبۇبلىرى — قوغلانغان، شارابى — خۇددى سەراب، شېرىنلىكى — ئازاب بولغان غەم ـ قايغۇ ماكانى؛ ئۇنىڭدا يېقىنلار ئايرىلغان، بەختسىزلىك، جۇدالىق، مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەت ۋە چارچاش بىلەن تولغان؛ ئۇنىڭ كۆپلۈكى — ئاز، ئەزىزلىرى — خار، بايلىرى — پېقىر، ئۇستۇنلىرى — پەس، ئاپەت ۋە ھەسرەتلىرى كۆپ، سۇزۇكلۇكى ئازدۇر؛ ئۇ — ۋاپاسىز، ئەھدىسىگە ئىشەنگىلى بولماس، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماس، مەھبۇبلىرى چارچىغان، ئاشىقلىرى ئۈمىدسىزلەنگەن، ئىشەنگەنلەر خىجىل بولغان، ئەيىبلىرى يۆگەلگەن، مۇسىبەتلىرى يوشۇرۇنغان، ھادىسىلىرى مەخپىي قىلىنغان، باتىللىرى بىلەن ئېزىقتۇرغان، پارىخورلۇقلىرى بىلەن مەغرۇرلانغان، قاپقانلىرى تەييارلانغان، يالغانلىرىنى پارقىرىتىۋالغان، قىلىچلىرى يالىڭاچلانغان، قىرغىنچىلىقلىرى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان، كۆرۈمسىزلىكى يوشۇرۇنغان بىر نەرسىدۇر.

ئۇ: «ئى ئەرلەر، ۋىسالىغا يېتىڭلار!» دەپ توۋلاپ يۈرىدۇ، كىم بۇنىڭ ۋىسالىغا ئالدىرىسا توزىقىغا چۈشىدۇ، يامان ئەھۋالغا دۇچار بولىدۇ، چوڭ زىيانغا قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يامانلىقىنى سەزمەستىن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنى ھېس قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ يامانلىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ، نادامەت بىلەن بارمىقىنى چىشلەيدۇ ۋە كۆزىدىن ياش ئەمەس قان ئاقىدۇ. بۇ تەلەپ قىلغان نەرسە ئۇنى يامان بىر ئەھۋالغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ قېچىشقا تىرىشىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىمكان بولمايدۇ.

ھالاك بولۇشۇڭدىن ئىلگىرى ھوشۇڭنى تاپ! ئۆزۈڭنى ئازاد قىلىش قىيىنلىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىرلىكتىن

ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر! تەۋپىق ۋە سائادەت تەرەپكە ئىلگىرىلە! ئۇمىدكى، الله تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ساڭا مەقبۇل شاھادەتنى نېسىپ ئەتسۇن. بۇ ئەجىردىن سېنى ھېچقانداق بىر سەۋەب مەھرۇم قىلىپ قويمىسۇن.

جىھادتىن نېسىۋىسى بولغان كىشى بولسا غايىسىغا سادىق، يۇقىرى ھىممەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىدۇر. كىمنى ھۇرۇنلۇق ئولتۇرغۇزۇپ قويسا ۋە قۇرۇق ئارزۇلىرى ئالدىسا قەدىمى ھەق يولدىن تېيىلىدۇ ۋە نادامەت پايدا بەرمەيدىغان كۈندە نادامەت چېكىدۇ، شەھىدلەرنى ئالىي قەسىرلەردە كۆرگەن چاغدا ئۆزىنىڭ سەل قاراپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا چىشىنى چىشلەيدۇ.

الله ھەقنى سۆزلىگۈچىدۇر ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر، ئۇ بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

## 2 ـ باب

# جىهادنىڭ ۋە الله يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىهادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلارنى جىهادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىهادقا چىقالمىغانلار ۋە جىهادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىهاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]». ①

① سۈرە نىسا 95 ـ ، 96 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن. كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز».[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر، ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]».[2]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ

[1] سۈرە نىسا 74 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 20 ـ ئايەتتىن 22 ـ ئايەتكىچە.

أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىهاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ). (جىهاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله تىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ». [2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت.

پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ۞ وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا أَنْصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنْصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ اللَّهِ فَآمَنَتْ طَائِفَةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَتْ طَائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى

① سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت.

گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت الله تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن [13]. ئى مۇئمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم)دەك الله نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: <(الله نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) الله قا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟> دېدى، ھەۋارىيۇنلار: <بىز الله نىڭ ياردەمچىلىرىمىز> دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار-يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى [14]».①

جىهادنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئايەتلەر كۆپ، ئۇلارنى ساناپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ، تۆۋەندە بىز پەقەت ئەڭ مۇھىملىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## جىهاد — ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

20. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم،

① سۈرە سەپ 10- ئايەتتىن 14- ئايەتكىچە.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللہ يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.①

21. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەپ جىھادنى تىلغا ئالدى، ئۇ پەرز نامازدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلنى جىھادتىن ئەۋزەل سانىمىدى».②

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەرز نامازدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — اللہ يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ قارايتتى.③

## اللہ قا ئىمان ئېيتىشتىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — جىھادتۇر

22. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللہ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللہ يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.④

بۇ ھەدىس ئاتا-ئانىسى يوق ياكى ئاتا-ئانىسى جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت بەرگەن ۋە ياكى جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولغان كىشىگە قارىتىلغان چۈنكى جىھاد پەرز ئەين بولغاندا ئاتا-ئانىغا

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② بەيھەقى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر «المطالب العالية» ناملىق كىتابىنىڭ 6- توم 55- بېتىدە نەقىل قىلغان.

③ بەيھەقى رىۋايىتى.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ياخشىلىق قىلىشتىن ئالدىنقى ئورۇندا قىلىنىدۇ.

23. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «الله قا ئىمان ئېيتىش ۋە الله يولىدا جىهاد قىلىش» دېدى. مەن: «قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆز ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل، باھاسىمۇ ئەڭ قىممەت بولغىنى» دېدى.[1]

24. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، الله يولىدىكى جىهاد بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋېدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ قەرزىڭدىن باشقا گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق دېدى».[2]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

## جىھاد — ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر

25. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. يەنە بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بەيتۇلھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. ئۈچىنچى كىشى:

— سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد قىلىش ئەۋزەل، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا كايىپ:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار! بۈگۈن جۈمە كۈنى، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلە ھەققىدە سوراپ بېرەي، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم

قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[1]». [2]

شۇبھىسىزكى، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر

26. ئەمر ئىبنى ئەبەسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئىسلام دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «قەلبىڭنىڭ الله قا تەسلىم بولۇشى ھەمدە مۇسۇلمانلار سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىن ئامان بولۇشى» دېدى. ئۇ كىشى: «ئىسلامنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىمان» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئىمان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله قا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «ئىماننىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھىجرەت قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ھىجرەت قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «يامانلىقتىن يىراق بولۇشۇڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «جىھاد» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «جىھاد دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭدا ئۇرۇش قىلىشىڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «جىھادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى» دېدى. [3]

---

[1] سۈرە تەۋبە 19ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان. شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، قارا! پەيغەمبەر ﷺ جىھادنى ئىسلامدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قىلىپ خۇلاسىلەپ بەردى. دېمەك، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر.

27. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جىھاد قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز. ئۇنداقتا، بىز ئاياللارمۇ جىھاد قىلمايمىزمۇ؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(سىلەر ئۈچۈن) جىھادنىڭ ئەۋزىلى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر» دېدى.[1]

28. ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللارمۇ جىھادقا چىقىمىزمۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاياللار ئۈچۈن ئۇرۇشسىز جىھاد بار، ئۇ بولسىمۇ ھەج ۋە ئۆمرىدۇر» دېدى.[2]

مۇفەززەل ئىبنى فەزالە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم كىشىلەر ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ قاتتىق كېسەل ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ: «سىلەر مېنىڭ يېنىمغا مەن بۇ دۇنيالىق ھاياتىمنى تۈگىتىپ، ئاخىرەتلىك ھاياتىمنى باشلاش ۋاقتىمدا كىردىڭلار. مەن (ئاخىرەتتە نىجات تېپىشىمغا) ئەڭ لايىق ئەمەلنى ئەسلەپ، ئۇ ئەمەلنىڭ الله يولىدىكى غازات ئىكەنلىكىنى تاپتىم، لېكىن مەن بۇنىڭدىن مەھرۇم قالدىم. سىلەر بۇ نىجىس ئىشىكلىرىمىزدىن يىراق بولۇڭلار» دېدى.[3]

[1] بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل في التاريخ» ناملىق كىتابى 4- توم 520- بەت.

يەنى، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۇلارنى پادىشاھلارنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىشتىن چەكلەيتتى. ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولۇشتىن ئىلگىرى تابىئىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇ رۇمغا قارشى جىھادقا قاتنىشىپ، دېڭىزدا غازات قىلغان ئىدى.

خەتىب باغدادىي «تاريخ بغداد» ناملىق كىتابىدا مۇھەممەد ئىبنى فۇزەيل ئىبنى ئىيازدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «سەن قايسى ئەمەلنى ئەڭ ئەۋزەل تاپتىڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆزۈم قىلغان ئەمەللەرنى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «رىبات ۋە جىھادمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «شۇنداق» دېدى. مەن: «اللہ تائالا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى» دېدى. ①

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئالدىدا جىھاد تىلغا ئېلىنىۋېدى، ئۇ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە جىھادتىن ئەۋزەل ئەمەل يوق. دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشقا ھېچقانداق ئەمەل باراۋەر كەلمەيدۇ. جەڭگە بىۋاسىتە ئۆزى قاتنىشىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. ۋەھالەنكى، مۇجاھىدلار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىسلامنى، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىغان تۇرسا، قايسى ئەمەل بۇنىڭدىن ئەۋزەل بولسۇن!؟ كىشىلەر خاتىرجەم ياشاۋاتقاندا، مۇجاھىدلار قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەت نەرسىسى بولغان جېنىنى اللہ يولىدا تەقدىم قىلىدۇ». ②

① «تاريخ بغداد» 1- توم 168- بەت.

② ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 348-، 349- بەتلەر.

جىھاد — الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئەمەلدۇر

29. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرنەچچە ساھابىلىرى ئولتۇرۇپ ئۆزئارا: «قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق شۇنى قىلغان بولاتتۇق» دېيىشكەن ئىدۇق، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ ۞﴾ «ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) الله قا تەسبىھ ئېيتتى. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) [3]. شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [4]». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ

بەردى.[1]

30. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بەزى كىشىلەر: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشىنى ئەۋەتسەك، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى سوراپ بەرگەن بولسا» دېيىشتۇق لېكىن ئۇيىلىپ، ھېچكىم بېرىپ بۇنى سورىمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى بىردىن ـ بىردىن چاقىرىپ توپلاپ، بىز ھەققىدە نازىل بولغان سۈرە سەپنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بەردى.[2]

## مۇجاھىدلار — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[2] بەيھەقى رىۋايىتى، «تفسير ابن كثير» 8 ـ توم 104 ـ بەت.

قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]» .①

31. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە الله قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.②

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستىن مەقسەت، جىلغىنىڭ خاس ئۆزى بولۇشى شەرت ئەمەس، گەرچە ئۆز ئۆيىدە بولسىمۇ يالغۇز ياشاپ ۋە ئايرىلىپ ئىبادەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستە <جىلغا> دەپ بايان قىلىنىشى ئۇنىڭ كۆپىنچە كىشىلەردىن خالىي بولغانلىقىدىندۇر».③

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبادەت ئۈچۈن كىشىلەردىن تەنھا ۋە ئايرىلىپ ياشاشتىن جىھادنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى ھەم دەلىل بولالايدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ

① سۈرە نىسا 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 96- ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
③ نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 34- بەت.

اللّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىهادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ». ①

## (پەزىلەتتە) جىهادقا باراۋەر بولالايدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق

32. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «الله تائالا يولىدىكى جىهادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دېيىلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سورىغۇچى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، الله يولىدا جىهادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى. ②

33. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «مېنى جىهادقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن. ئەگەر بىر مۇجاھىد جەڭگە

① سۈرە نىسا 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقىپ كەتسە، سەن مەسجىدكە كىرىپ چارچىماستىن قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: «كىممۇ قادىر بولالىسۇن؟» دېدى.①

ساھابىلەر ھەتتا يۇقىرى ھىممەتلىك، ئالىي روھلۇق، پاك قەلبلىك، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەمراھ بولۇشى بىلەن ئەجىرلىرى زىيادە بولغان، كامالەتنىڭ چوققىلىرىغا يېتىشكە ئالدىرىغۇچى، جىھاد باسقۇچلىرىدا بارلىق يۈكسەك ماقاملارنى ئۆزىدە جەملىگۈچى كىشىلەر بولغان تۇرۇپمۇ، پەزىلەتتە جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەلنى تاپالمايۋاتسا، بىز جىھادنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ قانداقمۇ خۇشال ياشىيالايمىز؟! پەس دۇنيا غەملىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلغان ئازغىنە ئەمەللەرگە كۆڭلىمىز قانداق تەسكىن تاپىدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمەللىرىمىزگە رىيا ئارىلاشقان، ئىخلاستىن يىراق ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشتىن توسقۇچى ھالاكەتلىك ئەمەللەر ھەم قوشۇلۇپ قېلىۋاتسا؟! ئى الله ! بىزلەرنى بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقىن، دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىشقا نېسىپ قىلغىن، سەندىن بارچە ياخشىلىقنى تىلەيمىز. لا حول ولا قوة إلا بالله!

ئىبنى ئەساكىر ئەبۇ غادىيە مۇزەنىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەردە خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئى مەدىنە ئەھلى! سىلەر الله يولىدىكى جىھادتىن ئۆز نېسىۋەڭلارنى ئالامسىلەر؟ ئەجىبا سىلەر شام ئەھلىدىن، مىسىر ئەھلىدىن ۋە ئىراق ئەھلىدىن بولغان (جىھاد قىلىۋاتقان) قېرىنداشلىرىڭلارغا

① بۇخارى رىۋايىتى.

قارىمامسىلەر!؟ اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ اللە يولىدا بىر كۈن جىهاد قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇپ، بوشاشماي (كېچە-كۈندۈز) قىيامدا تۇرغان مىڭ كۈنىدىن ياخشىدۇر».

## جىهاد — ئىبادەت ئۈچۈن تەنها ياشاش ۋە كىشىلەردىن ئايرىلىشتىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىهاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە اللە قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

34. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاتلىق سۇ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بار بىر جىلغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بۇلاق سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ئۇ كىشىنى جەلپ قىلدى. ئۇ كىشى كۆڭلىدە: «مەن كىشىلەردىن ئايرىلىپ مۇشۇ جىلغىدا تۇرۇپ (ئىبادەت قىلسام) قانداق بولار؟! لېكىن شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇخسىتىسىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دەپ ئويلاپ، بۇ مەقسىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق قىلمىغىن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ اللە يولىدا جىهاد قىلىشى ئۆز ئۆيىدە يەتمىش يىل

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

نامازئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەجەبا الله نىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى خالىمامسىلەر؟ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار. كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى.[①]

ھەدىستىكى «فواق الناقه» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم سېغىشنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ چۈنكى تۆگە بىر سېغىلىپ، ئاندىن سۈت يىغىلىشى ئۈچۈن بوتىلىقى ئەمگۈزۈلۈپ، ئاندىن يەنە سېغىلىدۇ. بۇ، ئۇرۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە زىيادە قىزىقتۇرۇشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ ھەدىس، الله يولىدىكى جىھادنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قارا! كىممۇ زاھىدلىق، ئىبادەت ۋە ھالال رىزىق تېپىشتا ئۇ ساھابە بىلەن باراۋەر بولالايدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ساھابىگە: «ئۇنداق قىلمىغىن» دېدى ۋە جىھادقا يېتەكلەپ قويدى.

ئەمەللىرىمىز ھەم ئاز، ھەم ئىشەنچىسىز، خاتالىرى كۆپ؛ ئەزالىرىمىز گۇناھ-مەئسىيەتكە ئالدىرىغان؛ نەپسلىرىمىزنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن توسقىلى بولمىغان؛ يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ ھالال - ھاراملىقى پەقەت رىزىق بەرگۈچىگىلا مەلۇم؛ ياراتقۇچىمىزلا بىلىدىغان نۇرغۇن يامان خىياللار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان؛ نىيەتلىرىمىزدە ئىخلاسنى رويايقا چىقىرىپ بولالمايۋاتقان؛ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمىسەك قۇتۇلۇش ئۈمىدى بولمىغان نۇرغۇن

---

① تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مەسئۇلىيەتلىرىمىز بار تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن جىھادنى تەرك ئېتىمىز!؟ مۇشۇ خىل ھالەتتە ئەمەللىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراش نەقەدەر خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق!

ھەقىقىي بەختلىك كىشى دېگەن الله تائالا ئۇنى جىھادقا مۇيەسسەر قىلغان ۋە الله تائالانىڭ جىھاد ئىبادىتىنى ئۇنىڭغا قۇلايلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئېرىشكەن كىشىدۇر. بەختسىز كىشى دېگەن جىھادتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئالداپ زىيان تارتقان كىشىدۇر. ئى الله ! جىھادنى بىزگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە جىھادقا بىزنى مۇيەسسەر قىلغىن. بىزنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن بىر مەقسەتنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىلەر قاتارىدىن قىلغىن. ئەھۋاللىرىمىز ۋە ئىش- پائالىيەتلىرىمىزدە تەۋپىق ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن بىزلەرگە تولىمۇ يېقىن، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇرسەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك جىھادقا، غازاتقا ۋە ئىسلام مەركەزلىرىنى قوغداپ رىباتتا تۇرۇشقا ھېرىس كىشى ئىدى، كىشىلەرنى ھەم ئۇنىڭغا قىزىقتۇراتتى؛ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشىلەرنى يامان كۆرەتتى. مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەبۇ سەكىينە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك بىلەن بىرگە تەرسۇستا چېگرا ساقلاپ رىباتتا تۇراتتىم. كېيىن مەن ھەجگە بېرىشنى ئىرادە قىلدىم. بۇ ۋاقىتتا، فۇزەيل ئىبنى ئىياز ھەرەم مەسجىدىدە كەئبىنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا مۇنداق شېئىر يازدى:

كۆرگىنىڭدە بىزنى ئەگەر ئەي ئابىدىي ئىككى ھەرەم،
بىلسەڭ ئۆزۈڭ ئىبادەتتە ئوينىاپ يۈرگەن سەبىي شۇ دەم.

يۇرسە بىراۋنىڭ ئاتلىرى باتىل ئىچرە چارچاپ ـ ھېرىپ،
چاڭقىماقتا ئاتلىرىمىز ھەملە ياساپ كەچ ـ تاڭ ھەردەم.

كىملەرنىڭدۇ چاناقلىرى كۆز ياش بىلەن يۇيۇلغاندۇر،
يۇيۇلماقتا بوغۇز، مەيدە جىھاد ئىچرە قانلاردا ھەم.

خۇشبۇي ھىدلار سىزگە بولسۇن، بىزگە خوپراق چاڭ ـ غۇبارلار،
چاچرىغان چاڭ، بۇس ـ تۇزانلار بىزگە ئەنبەر، بىزگە مەلھەم.

بىزگە كەلگەن ئۇشبۇ سۆزلەر ئەلچىسىدىن رەببىمىزنىڭ،
كەلىمەكى يالغىنى يوق، ھېكمەت بولۇپ تۇرار ھېلھەم.

جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى ھېچ بىرلەشمىگەي دىماغىدا،
بىر ـ بىراۋنىڭ چاڭى بىلەن الله ئۈچۈن باسقان قەدەم.

ئارىمىزدا رەببىمىزنىڭ كىتابى بار سۆزلەر ھەقنى،
«شەھىد ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دەپ يوقتۇر خەۋپ، يوقتۇر ھېچ غەم.

ئاندىن ئۇ: «كەئبىنىڭ قېشىدىكى فۇزەيل ئىبنى ئىياز بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭدا بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەرگىن!» دېدى. فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئۇ خەتنى ئوقۇغان چېغىدا ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى ۋە: «ئەبۇ ئابدۇراھمان راست ئېيتىپتۇ ۋە ماڭا نەسىھەت قىپتۇ» دېدى.[1]

## مۇجاھىد — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ۋە ھۆرمەتلىكىراقىدۇر

[1] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 412 ـ بەت.

35. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز يىغىلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ قېشىمىزغا چىقىپ: «مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېدۇق. ئۇ: «ۋاپات بولغىچە ياكى ئۆلتۈرۈلگىچە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى» دېدى. ئاندىن: «بۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېگەنىدۇق، ئۇ: «كىشىلەردىن ئايرىلىپ بىرەر جىلغىغا چىقىپ ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان كىشى» دېدى.[1]

## مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى باشقىلارنىڭ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاياتلا بولسا بوشاشماي ناماز ئوقۇشقا ۋە ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، كىشىلەر تەرىپىدىن: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بۇنىڭغا كىممۇ قادىر بولالايدۇ!؟» دېيىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «نەپسىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل» دېدى.[2]

قېرىنداشلار، الله سىلەرنى ئەزىز قىلسۇن! ئەگەر مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ پەزىلىتى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئۇنداقتا قىيامدا تۇرغىنىنىڭ پەزىلىتى قانداق بولار؟! ئۇلارنىڭ غاپىللىرىنىڭ

---

[1] تىرمىزى، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 95- بەت.

مەرتىۋىسى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئەمەل قىلغۇچىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى قانداق بولار؟! ئۇلارنىڭ كىچىك ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئۇنداقتا چوڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قانداق بولار؟!

بۇ ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق پەزىلەتتۇر، پەزىلەتكە ئالدىرىغۇچىلار مانا شۇنىڭغا ئالدىرىسۇن! ئاجىزلىق قىلىپ كېچىكتۈرگەنلەر ياش تۆكسۇن! ھاياتىنى جىھادنىڭ غەيرى بىلەن زايە قىلىپ، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر ئۆتكەن ئۆمرىگە قايغۇرسۇن! ئى الله ! نىجاتلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى بىزگە كۆرسەتكىن ھەمدە ئۇنى بىزلەرگە ئاسان قىلىپ بەرگىن. بىزگە ياردىمىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن قارىغىن، ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، سەن ھەقىقەتەن ھەرنەرسىگە قادىرسەن.

36. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، — الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر! — قىيامدا تۇرغۇچى، روزا تۇتقۇچى، الله قا بويسۇنغۇچى، رۇكۇ قىلغۇچى ۋە سەجدە قىلغۇچىدۇر». [1]

37. نوئمان ئىبنى بەشىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، مۇجاھىد قايتىپ كەلگۈچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ». [2]

## الله مۇجاھىدلارنى جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرگەن

[1] نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۝ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۝﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]». ①

38. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتسا، نامازنى ئادا قىلسا، زاكاتنى بەرسە ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتسا، مەيلى ئۇ الله يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى تۇغۇلغان يۇرتىدا ياشىسۇن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله نىڭ ئۈستىگە ھەق (ۋاجىب) بولىدۇ»

① سۈرە نىسا 95-، 96- ئايەتلەر.

دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلمايلىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە ھەقىقەتەن 100 دەرىجە بار، الله ئۇنى ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى گويا ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ. ئەگەر الله تىن سورىساڭلار فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار! چۈنكى ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئەڭ ئۈستىدۇر، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە رەھمان تائالانىڭ ئەرشى بار» دېدى.[1]

39. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى الله نىڭ رەب ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىن ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد ھەيران بولۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قايتا دېگىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا تەكرارلاپ بەردى. ئاندىن: «ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئەمەل بار، ئۇ ئارقىلىق بەندە يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ پەرقى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى ئەمەل؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدىكى جىھاد، الله يولىدىكى جىھاد» دېدى.[2]

## بۇ ئۈممەتنىڭ ساياھىتى جىھادتۇر

ئۆز جېنى ۋە مېلىنى الله ئۈچۈن ساتقان مۇئمىنلەرنىڭ بايانىدا

[1] بۇخارى رىۋايىتى.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ﴾.[1] بۇ ئايەتتىكى «السَّائِحُونَ» (ساياھەت قىلغۇچىلار) مۇجاھىدلارنى كۆرسىتىدۇ، ساياھەت بولسا جىھادنى كۆرسىتىدۇ.

40. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ساياھەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ئۇممىتىمنىڭ ساياھىتى الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر».[2]

«ساياھەت» دېگەندە، باشقىلاردىن ئايرىلىپ، زېمىندا سەير قىلىش ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش دەپ چۈشىنىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ «ساياھەت»نى الله يولىدىكى جىھاد دەپ ئاتىدى، چۈنكى جىھاد — الله قا بولغان ئىماننى بارچە نەرسىلەرنىڭ ئالدىغا قويغان ۋە الله نىڭ ۋەدىلىرىنى تەستىقلىغان ھالدا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ھەقىقىي ئىبادەت قىلىنغۇچى تەرەپكە ئاتلىنىشتۇر. ئۇ، ئۆز نەپسىگە ئىنساپ كۆزى بىلەن قاراپ، ئىختىلاپلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ ئۆز جېنىنى بۈيۈك «خېرىدار» الله قا تەسلىم قىلىشتۇر. ئۆز نەپسىنى پاكلاپ ماڭغان كىشى بىلەن ئۆز نەپسىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشى ئارىسىدا كاتتا پەرق بار. مۇجاھىد ھەقىقەتەن ئىشەنچ بىلەن ساياھەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۆز نەپسىنى ئەڭ بۈيۈك پايدىغا سېتىش بىلەن كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىدۇر.

---

[1] سۈرە تەۋبە 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

## جىهاد — ئىسلامنىڭ چوققىسىدۇر

41. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەبۇك غازىتىدا بىرگە ئىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىهادتۇر». دېدى.[1]

ئىسلام ھەقىقەتەن ئىشنىڭ بېشىدۇر چۈنكى مۇسۇلمانىنىڭ ھەرقانداق ئەمىلىنىڭ دۇرۇس ۋە قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر باش يوقالسا، ئەمەللەر خۇددى باشسىز ئۆلۈك جەسەتكە ئوخشاپ قالغىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئىسلامى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەم چاڭ ـ توزان كەبى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشايدۇ، خۇددى چېدىردىن ئاۋۋال ئۇنىڭ تۈۋرۈكىنى تىكلىۋالغىنىمىزدەك، قىيامەت كۈنى بەندىدىن بىرىنچى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر.

جىهاد تۆگە لوكىسىنىڭ ئۇچىغا ئوخشىتىلدى. چۈنكى تۆگىنىڭ لوكىسى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمىگىنىدەك، ئىسلامدىكى ئەمەللەردىن ھېچبىرى ھەم جىهادقا باراۋەر كېلەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن الله يولىدىكى جىهادقا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەلدىن

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سورالغاندا: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىسلامنى تۆگىگە ئوخشىتىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تۆگە ئىنساننى مىندۈرۈپ، ئۇنى خالىغان يەرگە ئاپىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلاممۇ دۇنيا سەپىرىدىكى مۇسۇلماننى ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ۋەتىنى بولغان جەننەتكە يەتكۈزىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىسلام كەلىمىسىنى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشاتتى، چۈنكى تۆگىنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە كۆرۈش مۇمكىن بولغىنىدەك، ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىش ھەرقانداق كىشىگە مۇمكىن بولىدۇ. جىھاد تۆگە لوكىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئوخشىتىلدى چۈنكى تۆگىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلى بولغان كىشى ۋە ئېگىز كىشى ئاندىن تۆگىنىڭ ئۈستىگە يېتەلەيدۇ. شۇنىڭدەك، جىھادقىمۇ ھەم مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئالدىدا ماڭغۇچىلار ۋە ماللىرىنى سەرپ قىلىشتىكى ئەڭ ئەۋزەللىرى يېتەلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىھادنى تۆگىنىڭ لوكىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئوخشىتىشىدا، تۆگە لوكىسىنىڭ ئۈستىگە يېتەلىگەن كىشى ئۇنىڭ ھەممە ئەزاسىنى ئىگەللىگەن بولىدۇ ھەمدە ئۇ تۆگىنىڭ لوكىسىدا ئولتۇرۇپ تۆگىنى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، الله تائالا جىھادنى رىزىق قىلىپ بەرگەن كىشى ئىسلامدىكى بارلىق پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى، سەپىرى، سەدىقىسى، قىيىنچىلىقى، ھارغۇنلىقى، ئۇسسۇزلۇقى، ئاچلىقى ۋە ھەربىر ھەرىكىتىدە ئەجىر باردۇر.

مۇجاھىد ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، قايتقۇچە
ياكى شەھىد بولغىچە الله نىڭ كاپالىتى،

ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».①

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن قاچانىكى كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلاشقانلىقىنى كۆرسەڭ مۇجاھىد ۋە ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداپ تۇرغۇچى (مۇرابىت)لارنى لازىم تۇتقىن چۈنكى الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ <ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز> دېگەن».②

42. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ئۆيدىن چىققاندىكى نىيىتى پەقەت الله يولىدا جىھاد قىلىش بولسا ھەمدە ئۇ الله نىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان بولسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيگە قايتۇرۇشقا الله كېپىل بولدى».③

43. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا

① سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەت.

② «تفسير البغوي» 5- توم 200- بەت، «تفسير القرطبي» 13- توم 365- بەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئۆزى ۋاپات تاپسا، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن هالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن> دېدى». [1] ئىمام نەۋەۋى هەدىسنىڭ شەرهىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «<الله كېپىل بولدى> دېگەننىڭ مەنىسى، الله تائالا بۇ مۇجاهىدقا ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن جەننەتنى ۋاجىب قىلدى دېگەنلىكتۇر». [2]

بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن هالدا» دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ: «ئەگەر كىشى غەنىيمەت ئالسا ئەجىردىن مەهرۇم قالىدۇ چۈنكى ئەجىر بىلەن غەنىيمەت بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئۇ كىشى غەنىيمەت ئالمىسا الله تائالا ئۇ كىشىگە تولۇق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ ۋە ياكى ئۇنى غەنىيمەت ۋە ئەجىرگە تەڭ ئېرىشكەن هالەتتە قايتۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر هەدىستە ئەجىر بىلەن غەنىيمەتنىڭ بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

44. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ، غەنىيمەت ئېلىپ سالامەت قايتىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ». [3]

45. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ الله تائالادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق

[1] نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەهىھ» دېگەن.

[2] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 20- بەت.

[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

دېگەن: «الله مۇنداق دەيدۇ: ‹قايسى بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلىگەن ھالدا مېنىڭ يولۇمدا جىھادقا چىقسا، ئەگەر ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرسام، ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر ئۇنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى مەغپىرەت قىلىشقا كېپىلمەن»[1].

46. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر كېسەلنى يوقلايدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ؛ كىمكى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەسجىدكە يول ئالىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر ئەمىرگە ياردەم بېرىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ؛ كىمكى غەيۋەت قىلماي ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ»[2].

47. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ياردەم بېرىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالدى: 1. الله يولىدىكى مۇجاھىد؛ 2. مەلۇم مىقدار پۇل بەدىلىگە ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇل؛ 3. ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن توي قىلغان كىشى»[3].

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى الله تائالانىڭ مۇجاھىدقا ئۇنىڭ ھاياتىدا ۋە ماماتىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىقنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

48. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنى چاقىردى. مەن

[1] نەسائى رىۋايىتى، ئىبنى ھەجەر «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئىبنى ھىببان، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ:

— ئى ئوغلۇم! بۈگۈن يا زالىم ياكى مەزلۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ، مەن بۈگۈن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم قەرزىمدۇر، مەندىن قالغان مال-مۈلك قەرزگە يېتىپ ئاشارمۇ؟! — دېدى، ئاندىن:

— ئى ئوغلۇم! مال-مۈلكىمىزنى سېتىپ قەرزىمنى تۆلىگىن، — دېدى. ئۇ قەرزدىن ئاشقان مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇردى. ۋەسىيەت قالدۇرغان ئاشۇ ئۈچتىن بىر قىسىم مېلىنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى مېنىڭ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ) ئوغۇللىرىمغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئەگەر قەرزىمىزنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن مال-مۈلكىمىزدىن بىر نەرسە ئاشسا، ۋەسىيەت قالدۇرۇلغان ئاشۇ ئۈچتىن بىر قىسىم مالنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى سېنىڭ بالىلىرىڭغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن.

ھىشام (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ خۇبەيب، ئەبباد قاتارلىق بەزى بالىلىرى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەزى ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى، شۇ ۋاقىتتا زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە توققۇز قىزى بار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير قەرزىنى ئۆتىشىمنى ۋەسىيەت قىلىپ:

— ئى ئوغلۇم! قەرزىمنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭ، خوجايىنىمىزدىن ياردەم سورىغىن، — دېدى. الله نىڭ

نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ «خوجايىنىمىز» دېگەن سۆزىدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلەلمەي:

— ئى ئاتا! خوجايىنىمىز كىم؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— خوجايىنىمىز الله تۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەملا:

— ئى زۇبەيرنىڭ خوجايىنى الله ! زۇبەيرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بەرگىن، — دەپ دۇئا قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بېرەتتى.

دېگەندەك، ئاتام ئۆلتۈرۈلدى. ئاتام ئالتۇن ـ كۈمۈش قالدۇرماي، پەقەت بىرقانچە جايدا يەر ـ زېمىن قالدۇرغان ئىدى. شۇ يەر ـ زېمىندىن مەدىنە ئەتراپىدىكى «غابە» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر زېمىن بار ئىدى. يەنە مەدىنىدە 11 قورۇ، بەسرەدە ئىككى قورۇ، كۇفەدە بىر قورۇ، مىسىردا بىر قورۇ جاي قالغانىدى.

ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرز بولۇپ قېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: كىشىلەر ماللىرىنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئامانەت قويغىلى ئېلىپ كەلسە، ئاتام:

— ياق، مەن ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىشتىن قورقىمەن، لېكىن بۇ ماڭا قەرز ھېسابىدا بولسۇن، — دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قەرزلەر كۆپىيىپ كەتتى. دادام ھەرگىزمۇ سېلىق، خىراجەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشقا قويۇلغان ئەمەس ئىدى، پەقەت پەيغەمبەر ﷺ ھەمدە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن غازاتلارغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بىللە بولۇپ ئۆتكەن كىشى ئىدى.

مەن دادامنىڭ قەرزىنى ھېسابلىسام، جەمئىي ئىككى مىليون

200 مىڭ چىقتى. كېيىن ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچراپ:

— ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! قېرىنداشىمنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن ھەقىقىي سانىنى يوشۇرۇپ:

— 100 مىڭ ئىكەن، — دەپ قويدۇم. بىراق ئۇ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يەتمەسمىكىن، — دېدى. مەن:

— ئەگەر ئىككى مىليون 200 مىڭ بولسا قانداق قارايسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار مەندىن ياردەم سوراڭلار، — دېدى. ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى «غابە» دېگەن جاينى 170 مىڭغا سېتىۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنى بىر مىليون 600 مىڭغا ساتتىم، ئاندىن:

— كىمنىڭ ئاتامدا ئېلىشى بولسا، بىزنىڭ غابە دېگەن زېمىنىمىزغا كەلسۇن! — دەپ ئېلان قىلدىم. يېنىمغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى. ئۇنىڭ ئاتامدا 400 مىڭ ئېلىشى بار ئىكەن. ئۇ ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە:

— ئەگەر خالىساڭلار ئۇ مېلىمنى سىلەرگە قالدۇراي، — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، خالىساڭلار مېنىڭ ئېلىشىمنى ئەڭ ئاخىرىدا بېرىڭلار! — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ماڭا زېمىندىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار، —

دېدى. مەن:

— بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە سېنىڭ بولسۇن، — دەپ بۆلۈپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ يەر-زېمىن ۋە قورۇ-جايلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئۇنىڭ «غابە» دېگەن زېمىنىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىدىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە زېمىن ئېشىپ قالدى. كېيىن مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلسەم ئەمر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئە قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. مۇئاۋىيە:

— غابەدىكى زېمىنغا قانچىلىك باھا قويۇلدى؟ — دەپ سورىدى، مەن:

— ھەربىر ھەسسىگە 100 مىڭ، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— تۆت يېرىم ھەسسە، — دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۇبەير:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئەمر ئىبنى ئوسمان:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئىبنى زەمئە:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. مۇئاۋىيە:

— ئەمدى قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— بىر يېرىم ھەسسە، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ئۇنى 150 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە 600 مىڭغا ساتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندا، ئاتامنىڭ باشقا بالىلىرى:

— ئەمدى بىزگە مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن! — دېيىشتى. مەن:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: «ئاتامدا قەرزى بارلار كەلسۇن، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز» دەپ ئۇدا تۆت يىل جاكارلىمىغۇچە مىراسنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلمايمەن، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق جاكارلاپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىمغا مالنىڭ ئۇچتىن بىرىنى بۆلۈپ بەردىم. دادامنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ھەربىر ئايالىغا بىر مىليون 200 مىڭدىن مىراس تەگدى. دادامنىڭ ئومۇمىي مېلى 50 مىليون 200 مىڭ بولۇپ چىقتى.[①]

## الله تائالا مۇجاھىدنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز مېھرىبانلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن ئىگە بولىدۇ

49. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قوماندانلىقىدا قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. باشقا نەرسە تاپالمىغاچقا بىزگە ئوزۇق ئۈچۈن بىر خالتا خورما تەييارلاپ بەرگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە خورمىنى بىزگە بىر تالدىن ـ بىر تالدىن بېرەتتى. جابىردىن: «سىلەر ئۇ بىر تال خورمىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «بىز ئۇنى كىچىك بالا شۈمگەندەك شۈمەتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزىمىزگە كۇپايە قىلاتتى. بىز ھاسىمىز بىلەن قۇرۇق يوپۇرماقلارنى قېقىپ سۇ بىلەن نەمدەپ يەيتتۇق» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ قالدۇق. دېڭىز

[①] بۇخارى رىۋايىتى.

ساھىلىدا قۇملۇق دۆڭگە ئوخشاش بىر نەرسە دومبىيىپ چىقىپ قالغانىدى. بىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىساق «كىت» دېيىلىدىغان بىر جانىۋار ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: «بۇ كىت ئۆلۈككەن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ياق، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلچىلىرىمىز ۋە الله يولىدىمىز، سىلەر يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن يەۋېرىڭلار!» دېدى.

بىز ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئاي تۇردۇق، بىز 300 كىشى ئىدۇق، ھەتتا بىز ئۇنى يەپ سەمرىپ كەتتۇق. بەزىلىرىمىز ئۇ ھايۋاننىڭ كۆزىنىڭ چانىقىدىكى ياغنى قاچا بىلەن سۈزۈۋالاتتۇق. ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆكۈزدەك-ئۆكۈزدەك چوڭلۇقتىكى گۆشلەرنى كېسىپ ئالاتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدە بىزدىن 13 كىشىنى كىتنىڭ كۆز چانىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ باقتى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىر قوۋۇرغىنى يەرگە تىكلەپ، چوڭ تۆگىدىن بىرىگە مىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپمۇ باقتۇق. ئۇ جانىۋارنىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قاقلاپ ئېلىۋالدۇق.

مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلەپ بەرگەنىدۇق، ئۇ: «ئۇ، الله سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزىقتۇر، سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن يەنە بولسا بىزنىمۇ ئېغىزلاندۇرامسىلەر!؟» دېدى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدۇق، ئۇ ئۇنىڭدىن يېدى.[1]

50. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوماندانلىقىدىكى 300 كىشىلىك بىر

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

قوشۇننى دېڭىز بويى تەرەپكە ئەۋەتتى. (جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى — ت.) بىز يولغا چىقىپ يولنىڭ بىر قىسمىدا ئوزۇق تۈگەپ كەتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەسكەرلىرنى ئوزۇقلىرنى يىغىشقا بۇيرۇدى، ئوزۇقلار يىغىلدى. يىغىلغان ئوزۇقلار پەقەت ئىككى تۇلۇم خورما ئىدى. ئۇ خورمىلار كىشىلەرگە كۈندە ئاز- ئازدىن تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. خورمىلار تۈگەشكە باشلىغاندا ھەربىرىمىزگە كۈنىگە بىر تالدىنلا بېرىلىشكە باشلىدى. مەن: ‹بىر تال خورما نېمىگە يېتەتتى؟› دېسەم، ئەبۇ ئۇبەيدە: ‹بۇ خورمىمۇ تۈگىسە ئوزۇقىمىز پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ› دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېڭىزغىچە يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە قۇملۇق دۆڭگە ئوخشاش بىر (ئۆلۈك) كىت تۇراتتى. قوشۇن ئۇنىڭ گۆشىدىن 18 كۈن يېدى. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن ئىككى قوۋۇرغىنى تىكلەشكە ۋە ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىدىن تۆگىنى ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى، تۆگە ئۇنىڭ ئاستىدىن تاقاشماي ناھايىتى ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى».①

بۇ مۇجاھىد ساھابىلەر الله يولىدىكى جىهادقا چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارنى ھالاكەت ۋە خارلىققا تاشلاپ قويماستىن بەلكى ئۇلارغا ئۆز مېهرى بىلەن ئىگە بولدى. ئۇلارغا دېڭىز كىتىنى تاماق ئورنىدا دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەگەر مۇجاھىد الله قا دۇئا قىلسا، الله ئۇلارنى ئەزىزلەپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارغا ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت بىلەن ياردەم قىلىدۇ چۈنكى الله ئۇلارغا كېپىلدۇر.

51. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

① بۇخارى رىۋايىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە نىڭ مېھمانلىرى ئۈچتۇر: غازى، ھاجى ۋە ئۆمرە قىلغۇچى. ئەگەر ئۇلار دۇئا قىلسا، اللە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ؛ مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، اللە ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ». ①

52. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر: ئاتا ـ ئانا، مۇساپىر ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى». ②

53. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەكسىز ئىجابەت بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك دۇئا بار، ئۇلار: ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇئاسى، مەزلۇمنىڭ دۇئاسى ۋە مۇساپىرنىڭ دۇئاسىدۇر». ③

اللە تائالا مۇساپىرنىڭ دۇئاسىنى ئۇ قەيەردە بولمىسۇن ئىجابەت قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا مۇجاھىد بولسا مۇساپىرنىڭ ئەڭ ئەزىزى ۋە ئەڭ كاتتا ئەجىر ئالغۇچى تۇرسا، اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قانداقمۇ ئىجابەت قىلمىسۇن؟!

ئىبنى ئەبۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ «مجابي الدعوة» ناملىق كىتابىدا، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن: «يېڭى پىشلاق بولغان بولسا ـ ھە!» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر ئۇلارغا: «اللە تىن تىلىسەڭلار بېرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىر زاتتۇر» دېدى. ئۇلار دۇئا قىلدى.

① نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
② ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
③ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئاندىن ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر خورجۇن ئۇچراتتى، ئېچىپ قارىسا ھەقىقەتەن يېڭى پىشلاق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر: «ھەسەلمۇ ھەم بولغان بولسا ـ ھە!» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر ئۇلارغا: «سىلەرنى بۇ جايدا پىشلاق بىلەن غىزالاندۇرغان الله ئەلۋەتتە ھەسەل بىلەن غىزالاندۇرۇشقا ھەم قادىردۇر، الله تىن سوراڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر دۇئا قىلىشۋېدى، ئۇلار ئازراق مېڭىپلا يول ئۈستىدە بىر تاۋاق ھەسەل ئۇچراتتى. ئۇلار پىشلاق بىلەن ھەسەلنى يەپ، غازاتقا ئۆز سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇردى.[①]

## جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلەتلىرى

54. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە ھىجرەت قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ ماڭا ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي، ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەت ھۇجرىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ كىمكى بۇ ئەمەللەرنى قىلسا، الله ئۇنى قانداق جايدا ئۆلتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىشى ۋە يامانلىقتىن قېچىشى ئۈچۈن ھاجەت قالمىغان بولىدۇ».[②]

55. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرى

---

[①] «مجابي الدعوة» 71 ـ، 72 ـ بەتلەر.

[②] نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر> دېگەن». ئاندىن كىيىملىرى كۆرۈمسىز بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى راست ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، ئاتام (ئەبۇ مۇسا): «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى.①

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئىمران جۇۋەنىيدىن رىۋايەت قىلىشىچە، يۇقىرىقى ۋەقە پارس شەھىرىدىكى ئەسبەھان فەتھىسى ئەسناسىدا يۈز بەرگەن. مۇسۇلمانلار ئەسبەھاندىكى پارىسلار بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان چاغدا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ ئۇلارنى جىھادقا قىزىقتۇرغان ۋە جەڭ قىلىشقا نىسبەتەن شىجائىتىنى ئۇرغۇتقان.②

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، بىر كىشى الله يولىدا قولىدا قىلىچ كۆتۈرۈپ جىھاد قىلسا ياكى ئۇ الله يولىدا جىھاد قىلغانلىقتىن كاپىر ئۇنىڭغا قارشى قىلىچ كۆتۈرسە، ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇنىڭغا قىلىچىنىڭ سايىسى چۈشىدۇ. شۇنىڭ

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 188- بەت.

بىلەن، ئۇ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىگە يەتكەندەك بولىدۇ چۈنكى ئۇ مۇشۇ جەڭدە شەھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ياكى كىچىكتۇرۇلۇپ كارۋىنىدا ۋاپات بولۇپ، كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى الله يولىدا جەڭ قىلسا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكى ھەقىقەتتۇر.

56. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر».①

57. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «مېنىڭ ئۇممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار مۇجاھىدلاردۇر، ئۇلار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئېچىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەننەتنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سىلەردىن ھېساب ئېلىنىپ بولدىمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلار: <قىلىچلىرىمىز ھەر دائىم الله يولىدا مۈرىلىرىمىزدە ئېسىقلىق تۇرسا، بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇلار جەننەتتە كىرىپ ئارام ئالىدۇ».②

58. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەجەبا الله نىڭ گۇناھىڭلارنى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خالىماسىلەر؟ اللە يولىدا غازات قىلىڭلار!».①

59. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا جىھاد قىلىڭلار، اللە تائالا يولىدىكى جىھاد ھەقىقەتەن جەننەت ئىشىكلىرىدىن بولغان بىر ئىشىك بولۇپ، اللە تائالا ئۇ ئارقىلىق غەم ـ قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ».②

60. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلاردىن بىر ياشانغان كىشى بولۇپ، ئۇ توكۇر ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بەدىر غازىتىغا چىققاندا ئەمر ئۆز ئوغلىغا: «مېنى غازاتقا ئېلىپ چىقىڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ توكۇر ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ جىھادقا چىقمىسا بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت بەردى. ئوھۇد غازىتى كۈنى كىشىلەر جەڭگە مېڭىۋاتقاندا، ئۇ ئوغۇللىرىغا يەنە: «مېنى غازاتقا ئېلىپ چىقىڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنىڭ چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلغان» دېدى، ئۇ ئۇلارغا: «سىلەر مېنى بەدىر غازىتى كۈنى جەننەتتىن توسقان ئىدىڭلار، ئوھۇد غازىتىدىنمۇ توسامسىلەر؟» دېدى ۋە ئوھۇد غازىتىغا چىقتى. كىشىلەر مەيداندا ئۇچراشقاندا ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم بۇ توكۇر پۇتۇم بىلەن جەننەتكە دەسسەمدىمەن؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇ: «اللە بىلەن

---

① تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
② ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قەسەمكى، الله خالىسا جەننەتكە چوقۇم بۇگۈن دەسسەيمەن» دېدى. ئەمر ئۆزىنىڭ سەلىم ئىسىملىك خىزمەتكارىغا: «سەن ئۆيۈڭگە قايتقىن!» دېدى. خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: «بۇگۈنكى بۇ ياخشىلىققا مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە ئېرىشسەم قانداق دەيسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا يۈر!» دېدى. ئاندىن ئەمر بىلەن ھېلىقى قۇل ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىلەپ ھەتتا ئۆلتۈرۈلگىچە جەڭ قىلدى. الله ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن.[①]

61. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۆگە سۈتى يىلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ».[②]

62. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر يولغا چىقىپ، بەدرگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. كېيىن مۇشرىكلارمۇ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن بۇيرۇق بەرمىگۈچە ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار!» دېدى. مۇشرىكلارمۇ يېقىن كېلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!» دېدى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇمەير

[①] ئىمام ئەھمەد ھەسەن ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۆزىنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 99-، 100- بەتلىرىدە ھەم نەقىل قىلىنغان.

[②] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پاھ ـ پاھ!» دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پاھ ـ پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟» دېۋىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن: «مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك» دېدى ـ دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.[①]

63. سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرۇپ (ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە يۇرتۇڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟ مۇھاجىرنىڭ مىسالى خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى باغلاقتىكى ئات بىر يەرگە باغلىنىپ قالغىنىدەك، مۇھاجىرنىڭ قەلب رىشتىسىمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىگە باغلانغان بولىدۇ)> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت قىلىدۇ. ئاندىن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ جىھاد يولىدا

[①] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇلتۇرۇپ: <سەن جىھاد قىلامسەن؟ جىھاد دېگەن جان ۋە مالنى سەرپ قىلىشتۇر. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئاياللىرىڭ باشقا ئەرگە نىكاھلىنىدۇ ۋە ماللىرىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جىھاد قىلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ كىمكى جەڭدە شەھىد قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ سۇدا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ».[1]

64. ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مەۋجۇتلا بولىدىكەن ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ».[2]

بۇ ھەدىس ھىجرەتنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئەمەس بەلكى جىھادنىڭ ۋاجىبلىقىغا دەلىلدۇر. ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھەرقانداق كىشى ئىمان ئېيتسا ۋە كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلسا، گەرچە ئۇ ئۆز شەھىرىدىن ھىجرەت قىلمىغان بولسىمۇ پەزىلەتتە مۇھاجىرلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئىبنى ئەبۇ شەيبە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېنىڭ الله يولىدا مېڭىشىم

---

① نەسائى ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ياكى پىشانەمنى (ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) تۇپراققا قويۇشۇم ۋە ياكى خورمىنىڭ ياخشىلىرىنى ئىلغاپ ئالغاندەك سۆزلەرنىڭمۇ ياخشىسىنى تاللاپ ئالىدىغان كىشىلەر بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرۇشۇم بولمىغان بولسا ئىدى، مەن چوقۇم الله قا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرگەن بولاتتىم». [①]

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلىنغان ياكى ئۇنىڭدىن پەرزەنت خۇشخەۋىرى ئالغان ھېچبىر كېچە مەن ئۈچۈن قاتتىق سوغۇقتا يول يۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگىنى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان كېچىدىن سۆيۈملۈك ئەمەستۇر، شۇڭا سىلەر جىھادنى لازىم تۇتۇڭلار». [②]

خالىد ئىبنى ۋەلىد يەنە مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلىش مېنى كۆپ قۇرئان ئوقۇشتىن توسۇپ قويدى». [③]

---

[①] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 317- بەت.

[②] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 317- بەت. ئەبۇ يەئلا ھەم رىۋايەت قىلىپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك دېگەن.

[③] ئەبۇ يەئلا ۋە ھەيسەمى رىۋايىتى، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.

# 3 ـ باب

# جىھاد ھەجدىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.[①]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدىكى بىر قېتىملىق سەپەر 50 قېتىملىق ھەجدىن ئەۋزەلدۇر».[②]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەجنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ الله بۇيرۇغان ياخشى ئەمەلدۇر ئەمما جىھاد ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل».[③]

ئابدۇراھمان ئىبنى غەنەم ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «غازاتتىن ئىلگىرى قىلىنغان ھەج ئون غازاتتىن ياخشىدۇر ئەمما ھەجدىن كېيىن قىلىنغان غازات 80 ھەجدىن ياخشىدۇر».[④]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەرز

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 304 ـ بەت.

③ ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 310 ـ بەت.

④ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 187 ـ بېتىدا سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان.

ھەج قىلىپ بولغان كىشى ئۇچۇن اللە يولىدا غازات قىلىش ئۇندىن ھەجدىن ياخشىراقتۇر». [1]

زىرار ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: جىھاد مەيدانىدا ئۇزۇن تۇرۇپ ھەج قىلىشنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى-دە، ھەرەم مەسجىدىدە ئىبادەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ھەجگە تەييارلاندىم. ئاندىن قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ ئاۋۋال ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ فەرۋەنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ: «قەيەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتىسەن ئى زىرار؟» دېدى. مەن: «ھەج قىلايمىكىن دەيمەن» دېگەنىدىم، ئۇ: «نېمە سەۋەب سېنى جىھاد قىلىشنى نىيىتىڭدىن سۇسلاشتۇرۇپ قويدى؟» دېدى. مەن: «ھېچنەرسە، جىھاد مەيدانىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپتىمەن شۇڭا ھەج قىلىشنى ۋە ھەرەم مەسجىدىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قالدىم» دېدىم. ئۇ: «ئى زىرار! سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئەمەس بەلكى اللە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قىلغىن. ئى زىرار ئىبنى ئەمىر! ئەجىبا اللە نىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەجنى بولسا ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم قىلغانلىقىنى ئەمما اللە قا مۇلاقات بولغانغا قەدەر مۇجاھىد ۋە غازى بولۇپ ياشىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟! ئى زىرار ئىبنى ئەمىر! ئەگەر سەن ھەج قىلساڭ پەقەت ئۆزۈڭ قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن لېكىن رىباتتا[2] تۇرساڭ ۋە جىھاد قىلساڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلەر قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن، ھەتتا ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپ تاكى سۇر چېلىنغان ۋاقىتقىچە بولغان ھەربىر ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ سانىنىڭ ئەجرى ساڭا ھەم يېزىلىدۇ چۈنكى

---

[1] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 304- بەت.

[2] رىبات — جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرقىسىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرىغا ياردەم بەرگەن كىشىنىڭ ئەجرى ھەم ئوخشاش يېزىلىدۇ، شۇنداقلا كىمكى مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرقىسى بىلەن جىھاد قىلسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپ تاكى سۇر چېلىنغان ۋاقىتقىچە بولغان ھەربىر مۇشرىك بىلەن جىھاد قىلغاننىڭ ئەجرىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ھەم ئالىدۇ. ئۇ يەنە الله نازىل قىلغان تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئاندىكى ھەربىر ھەرپ سانىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ الله نىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. ئى زىرار ئىبنى ئەمر! ئەجىبا سەن دەرىجە جەھەتتە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ پەقەت ئالىملار ۋە مۇجاھىدلار ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟!» دېدى. مەن: «الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇ: «چۈنكى ئالىملار الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ۋە زېمىنغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى تىكلەيدۇ ۋە كىشىلەرنى الله قا (ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلىدۇ؛ مۇجاھىدلار بولسا پەيغەمبەرلەر الله تائالا تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن تەۋھىدتىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلمەسلىكى، الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ كەلىمىسىنىڭ خار بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى تۇرغۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ» دېدى.

زىرار ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن مەن ھەج قىلىش نىيىتىمدىن يېنىپ، جىھاد مەيدانىدا تۇردۇم».

# 4 ـ باب

## جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنْكِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن. الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي

① سۈرە نىسا 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەت.

سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴾«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللہ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]». ①

اللہ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى جىھادقا قىزىقتۇرغان ۋە ئۆز دەرگاھىدىكى ئەجىر-ساۋابقا رىغبەتلەندۇرگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، اللہ تائالانىڭ جىھادقا قىزىقتۇرۇش ۋە تەرغىب قىلىشتىكى يولى ئۆزگەرمەستۇر. بۇ ھەقتىكى قۇرئان ئايەتلىرى ھېچ كىشىگە مەخپىي ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدە ھەم يېتەرلىك دەلىللەر بار بولۇپ، بۇ كىتاب ھەم جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدىكى كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن سەلەف سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار جىھادقا قىزىقتۇرۇشنى ھەمىشە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قېرىندىشىنى جىھادقا قىزىقتۇرسا، ئۇ كىشىگە ھەم شۇ كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ». بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسى ھەم دەلىل بولالايدۇ.

65. ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنى ياخشىلىققا باشلاپ قويسا، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ

① سۈرە سەپ 10-، 11- ئايەتلەر.

ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ». [1]

شائىر خەنسا بىنتى ئەمر ئۆز ئوغۇللىرىنى جىھادقا قىزىقتۇردى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار بولۇپ، قادىسىيە جېڭى بولغاندا ئۇ ئوغۇللىرىنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، جەننەتكە قىزىقتۇردى ۋە ئۇلارنى شاھادەتكە ئۈندىدى. ئۇلار شىجائەت بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىرى شاھادەتكە ئېرىشتى.

جىھادقا قىزىقتۇرۇپ كەلگەن قىسسىلەر:

ئىسلام تارىخچىسى ھافىز زەھەبى، ئەبۇ مۇزەپپەر سەبتى ئىبنى جەۋزىدىن مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ. ئەبۇ مۇزەپپەر سەبتى ئىبنى جەۋزى ھىجرىيىنىڭ 607 ـ يىلى دەمەشىقتىكى بىر مەسجىدتە كىشىلەرنى زېمىن يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان تاتارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇردى. ئىبنى جەۋزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دەۋىتىگە 30 مىڭ كىشى قاتناشقان، ئۇ دەمەشىقتە ھەممە كىشى يىغلىغان بىر كۈنى كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرىۋېدى، جىھادقا چىققۇچىلار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئاياللار چاچلىرىنى كېسىپ، مۇجاھىدلارنىڭ ئاتلىرىغا يۈگەن بولۇشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىشتى. مۇجاھىدلار ئاياللارنىڭ چېچىدىن ئاتلىرىغا 300 يۈگەن ياسىدى.

كىشىلەر دەمەشىقتىن جىھادقا ئاتلاندى. ئۇلار كىسۋە تەرەپنى نىشانلاپ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىسۋە، زەمەلكا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىن جىھادقا چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا قوشۇلدى. مىڭلىغان مۇجاھىدلار جۇۋلان تەرەپكە يۈزلەندى ۋە جۇۋلاندىكى ئۇفەيق داۋىنىدىن ئوردۇن ۋادىسىغا چۈشتى، ئاندىن

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نابلۇس شەھىرىگە قاراپ يۈزلەندى. بىز نابلۇستا كاتتا بىر پادىشاھ بىلەن بىرگە بولدۇق، ئۇ بىزنى مۇبارەكلىدى.

مەن نابلۇستىكى جامە مەسجىدىدە كىشىلەرنى جىهادقا تەرغىب قىلدىم. نابلۇس شەھىرىدىن ھەم مىڭلىغان مۇجاھىدلار بىزگە قوشۇلۇپ فىرانسۇزلار ئىگىلىۋالغان رايۇنغا ھۇجۇم قىلدى، مۇجاھىدلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، سالامەت قايتىپ كەلدى.

ئەبۇ جەئفەر ئەھمەد ئىبنى جەئفەرنىڭ «تنبيه ذوي الأقدار على مسالك الأبرار» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن ئابىد ئايال ئۇممۇ ئىبراھىم ھاشىمىيەنىڭ قىسسىسى ھەم تەسىرلىك جىهادىي قىسسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ قىسسىنى ئىمام، ئالىم، مۇجاھىد ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد بەسرى رىۋايەت قىلغان.

كاپىرلار ئىسلام مەركەزلىرىدىن بىرىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر جىهاد ئۈچۈن بەسرەگە توپلاندى. ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد خۇتبە سۆزلەپ مۇسۇلمانلارنى جىهادقا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەپ ئايەت ـ ھەدىسلەردىن دەلىللەرنى كەلتۈردى، ھۆر ئەينىلەر سۈپەتلەنگەن شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنى جىهادقا ۋە شاھادەتكە قىزىقتۇردى.

ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ ئىبراھىم ھاشىمىي ھەم بار بولۇپ، ھۆر ئەينىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇ ئىبنى زەيدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ توي قىلمىغانلىقىنى، ئوغلى بەسرە ئەھلى ئىچىدە

ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاچقا، كىشىلەر ئۆز قىزلىرىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئەمما ئوغلىنى ئىبنى زەيدتىن سۈپىتىنى ئاڭلىغان ھۆر ئەينىگە ئۆيلەش ئىرادىسى بارلىقىنى ئېيتتى.

ئۇممۇ ئىبراھىم باي، سالىھە ئايال ئىدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد سۈپەتلەپ بەرگەن ھۆر ئەيننىڭ مەھرى ئۈچۈن 10 مىڭ دىنار بېرىپ ئوغلى ئىبراھىمنى ئۇنىڭ بىلەن جىھادقا چىقىشقا ئېلىۋېلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇممۇ ئىبراھىم الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا شاھادەت ئاتا قىلىپ، ھۆر ئەينىلەرگە ئۆيلەپ قويۇشىنى ۋە شاھادەتكە ئېرىشىپ قىيامەت كۈنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى شاپائەت قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىز، ئوغلىڭىز ۋە يولدىشىڭىز كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشىسىلەر» دېدى.

ئۇممۇ ئىبراھىم ئوغلىنى چاقىردى، ئوغلى بەسرە مەسجىدىدىكى مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «لەببەي ئى ئانا!» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «سەن جىھادقا چىقىپ جېنىڭنى الله يولىدا پىدا قىلىشقا، شەھىد بولۇپ ئەنە شۇ ھۆر ئەينىلەر بىلەن توي قىلىشقا رازىمۇسەن؟» دەپ سورىدى. ئوغلى: «ھەئە، رازىمەن» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ئى الله ! مەن ئوغلۇمنىڭ گۇناھلارنى تەرك ئېتىشى ۋە جېنىنى سېنىڭ يولۇڭدا پىدا قىلىشى بەدىلىگە ھۆر ئەينىلەرگە نىكاھلاپ قويۇشۇمغا سېنى گۇۋاھ قىلدىم، ئەمىلىمنى قوبۇل قىلغىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن» دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇممۇ ئىبراھىم 10 مىڭ دىنارنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ

بىلەن مۇجاھىدلارنى جابدۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ئوغلىنىڭ جىھادى ئۈچۈن ئات ۋە قورال-ياراقلارنى سېتىۋالدى. مۇجاھىدلار جىھادقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇممۇ ئىبراھىم ئوغلى بىلەن خوشلىشىۋالماقچى بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر كېپەن ۋە خۇشپۇراق ئەتىر سۇنۇپ تۇرۇپ: «سەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتتا بۇ كېپەن بىلەن كېپەنلەنگىن، بۇ ئەتىرنى سۈركىۋالغىن ۋە الله سېنى جىھادتا ئاجىزلىق قىلغان ھالىتىڭدا كۆرۈشتىن ساقلانغىن!» دېدى. ئاندىن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئى ئوغلۇم! الله تائالادىن ئىككىمىزنى قىيامەت كۈنى كىشىلەر توپلىنىدىغان ئورۇندا بىرگە قىلىشىنى سورايمەن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

مۇجاھىدلار كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى، ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد قوشۇننىڭ ئالدىدا ئىدى. جەڭ قىزىپ كەتتى. ئىبنى زەيد ئىبراھىمنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ سەپنىڭ ئالدىدا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ كاپىرلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كاپىرلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى شەھىد قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ الله قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشتى.

مۇجاھىدلار بەسرەگە قايتتى، كىشىلەر مۇجاھىدلارنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئىبنى زەيدنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ھەدىيەرىم قوبۇل قىلىنغان بولسا خۇش بىشارەت ئالايمۇ ياكى قوبۇل قىلىنماي قايتۇرۇلغان بولسا قايغۇرايمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «الله بىلەن قەسەمكى، ھەدىيەرىڭىز قوبۇل قىلىندى. ئوغلىڭىز ھازىر ھاياتتۇر، شەھىدلەر بىلەن رىزىقلىنىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇممۇ

ئىبراھىم الله قا شۈكۈر قىلغان ھالدا سەجدە قىلىپ: «جىمى ھەمدۇ-سانا مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغان ۋە ئىبادىتىمنى قوبۇل قىلغان الله قا بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئەتىسى ئۇممۇ ئىبراھىم مەسجىدكە كېلىپ ئىبنى زەيدكە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئىبنى زەيد، خۇشخەۋەر!» دېدى. ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «سىزگە ھەمىشە خۇشخەۋەرلەر بېرىلىۋاتىدۇ، يەنە قانداق خۇشخەۋەر بار؟» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم: «مەن كېچىدە چۈشۈمدە ئوغلۇم ئىبراھىمنى جەننەتنىڭ گۈزەل بىر باغچىسىدا، ياپ-يېشىل بىر گۈمبەز ئىچىدە، ياقۇتتىن ياسالغان كارىۋات ئۈستىدە كۆردۈم، ئۇنىڭ بېشىدا تاج بار ئىكەن» دېدى. ئۇ ماڭا: «ئى ئانا! خۇش بېشارەت ئېلىڭ، مەھر قوبۇل بولدى، كېلىنچەكمۇ يۆتكەپ كېلىندى» دېدى.

## 5 ـ باب

# جىهادتا ئالدىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللهتىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ ۞ أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ ۞ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ ۞﴾ «(ئۇچىنچى بىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا

① سۈرە ھەدىد 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەت.

كىرگۈزۈلىدۇ [10]. ئۇلار نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتلەردە اللہ قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر [11 ـ 12]» .①

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ سەۋدە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە يەتكەن دەلىللەرگە ئاساسەن ئايەتتىكى ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ﴾ «(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈزۈلىدۇ» دېگەن بۇ ئايەتتىكى كىشىلەر بولسا اللہ يولىدىكى جىھادقا ئالدىدا ماڭغۇچىلار ۋە نامازغا ئالدىدا چىققۇچىلاردۇر.②

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ سەۋدە تابىئىنلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەردىن بولۇپ، غازات ۋە جىھادلاردا تابىئىنلارنىڭ ئىماملىرىدىن ئىدى. بىر يىلى ئۇنىڭغا: «سىز بۇ يىلمۇ ھەم جىھادقا چىقامسىز؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «ماڭا 100 مىڭ دىنار بېرىلسە ھەم جىھادنى بىر يىلمۇ تەرك ئېتىشنى خالىمايمەن» دېدى.③

① سۈرە ۋاقىئە 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 5 ـ توم 297 ـ بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

③ «تهذيب الكمال» 2 ـ توم 910 ـ بەت.

# 6 ـ باب

## ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىھادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُنْفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ».[①]

66. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر ياچاق ياكى بىر قامچا مىقدارچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى يەر يۈزىگە چىقىرىلسا ئىدى، ئۇ ئاسمان ـ زېمىننى يورۇتۇۋەتكەن ۋە زېمىن يۈزىنى خۇشپۇراقىقا تولدۇرۇۋەتكەن بولاتتى. جەننەت ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى رومىلى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[②]

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىسنىڭ مەنىسى،

[①] سۈرە تەۋبە 121 ـ ئايەت.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇجاھىدنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچتە جىهادقا مېڭىپ ئېرىشكەن كاتتا ساۋابى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ كاتتا ساۋاب مۇجاھىدقا ئۆز شەھىرىدە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مېڭىپ قويۇش بىلەن ھاسىل بولمايدۇ بەلكى ئۇ قايسى ماكاندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا جىهادقا ئاتلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىهادقا ماڭغاننىڭ ئەجرىنىڭ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ئەۋزەل بولۇشىنىڭ سەۋەبى، گەرچە بىر كىشى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولسىمۇ لېكىن دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ، ئاخىرەت نېئمىتى بولسا مەڭگۈ باقىيدۇر». [1]

67. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىهادقا مېڭىش، ئۇستىگە قۇياش چۇشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (يەنى پۈتۈن دۇنيادىن) ياخشىدۇر. جەننەتتىكى بىر ياچاق مىقدارىچىلىك ئورۇن ئۇستىگە قۇياش چۇشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن ياخشىدۇر». [2]

68. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۆز يولىدا جىهادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى تەستىقلىغان ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىهادقا چىقىدىكەن، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى نۇرغۇن ئەجىر ۋە ياكى نۇرغۇن

[1] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13 ـ توم 26 ـ ، 27 ـ بەتلەر.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن» دېدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا يارىلانغان كىشى قىيامەت كۈنى يارىلانغان ھالىتىدە، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ئىدى، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان ھەرقانداق بىر قوشۇندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئۇلارنى مىندۇرگىدەك ئۇلاغ تاپالمايمەن، ئۇلارمۇ ھەم تاپالمايدۇ، (مەن جىھادقا چىقىپ كەتسەم،) ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىپ قېلىش تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن». [1]

69. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرﷺ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا بىر كىشى نامازغا كەلدى. ئۇ سەپكە كىرگەندىن كېيىن: «ئى الله! ماڭا سالىھ بەندىلىرىڭگە ئاتا قىلغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتنى ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەرﷺ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ: «ھازىر سۆز قىلغان كىم؟» دەپ سورىۋېدى، ھېلىقى كىشى: «مەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىڭ چېپىلىپ، ئۆزۈڭ الله يولىدا شەھىد قىلىنغايسەن» دېدى. [2]

ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەيرىيز جۇمەھىيدىن

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى. بۇ ھەدىسنىڭ بەزى قىسمىنى بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.
[2] نەسائى رىۋايىتى، ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ دەمەشىقتىن رۇمغا قارشى تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن بىلەن بىرگە چىقتى، ئاتىسى مۇھەيرىيز جۇمەھىي (ئۇ ساھابە ئىدى) ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ ئۆزىنىڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

قوشۇن ئاتلاندى. مۇھەيرىيز ئوغلى ئابدۇللاھقا: «ئى ئوغلۇم! مېنى كۆتۈرۈپ رۇم زېمىنىغا ئاپارغىن» دېدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاتامنى كۆتۈرۈپ توختىماي رۇم زېمىنىغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ: ‹ئوغلۇم، تېزراق ماڭغىن!› دەيتتى. مەن: ‹ئى ئاتا! سەن كېسەل تۇرساڭ› دېسەم، ئۇ: ‹ئى ئوغلۇم! تېزراق ماڭغىن، مەن ئەجىلىمنىڭ رۇم زېمىنىدا بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن› دېدى. مەن توختىماي مېڭىپ ھىمىسقا يېتىپ كەلگەندە ئۇ ۋاپات بولدى».[1]

زەھەبى ھۇسەيىن ئىبنى جۇندۇبتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار قوشۇنى مۇئاۋىيە زامانىدا قۇستانتىنىيىگە غازات قىلدى. قوشۇن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن مىسىرغا كەلدىم. قوشۇندىكى بەزى مۇجاھىدلار ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى.

قۇستانتىنىيىدە رۇمنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغدا، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «ئەگەر مەن ۋاپات تاپسام مېنى ئاتقا ئارتىپ دۈشمەنگە ئۇچراشقانغا قەدەر يۈرۈڭلار. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەڭ يېقىن جايىغا بارغاندا، مېنى شۇ يەرگە قەبرە كولاپ كۆمۈپ قويۇڭلار، ئاندىن ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىكى ئۈچۈن قەبرەمنى

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 35_ توم 60_ بەت.

تۈزلىنىۋېتىڭلار!» دېگەن.[①]

ئىبنى ئەساكىر سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيەنىڭ خىلاپەت مەزگىلىدە، ئەبۇ مۇسلىم ئەلخەۋلانى مۇجاھىدلار بىلەن بىللە رۇم زېمىنىدا ئىدى. بۇ چاغدا بۇسرى ئىبنى ئەرتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسكەرىي قوماندان ئىدى.

ئەبۇ مۇسلىم ئەلخەۋلانى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بۇسرى ئىبنى ئەرتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەگەر مەن ۋاپات تاپسام، جەڭدە سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ ۋاپات تاپقان كىشىلەرگە مېنى ئەمىر قىلغىن، مېنى ئۇلارنىڭ بايرىقىغا ۋەكىل قىلغىن ۋە قەبرەمنى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايغا قىلغىن. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇشۇمنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.[②]

---

[①] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام انبلاء» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 412 ـ بەت.

[②] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 27 ـ توم 230 ـ بەت.

# 7 ـ باب

## الله يولىدا مېڭىش ۋە الله يولىدىكى چاڭ ـ توزاننىڭ پەزىلىتى

70. ئابدۇراھمان ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ». ①

ھەدىسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئىككى پۇتى توپىغا مىلەنگەن كىشىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ». ②

71. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تىن قورقۇپ يىغلىغان ئادەم خۇددى سېغىلىپ بولۇنغان سۈت يېلىنغا قايتىپ كىرمىگەندەك دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيدۇ ھەمدە الله يولىدا توزىغان چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بىرلەشمەيدۇ (يەنى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ)». ③

72. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرى يەنە بىرىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىككى كىشى دوزاختا جەملەنمەيدۇ: بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان سابىت تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، بۇ

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

② بۇخارى رىۋايىتى.

③ تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىككىسى دوزاختا جەملەنمەيدۇ؛ الله يولىدىكى چاڭ-توزان بىلەن جەھەننەم تۈتۈنىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قورسىقىدا جەملەنمەيدۇ؛ ئىمان بىلەن بېخىللىقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قەلبىدە جەملەنمەيدۇ». ①

مەشھۇر زات ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىرەيلەن چۈشىدە كۆرۈپ: «الله ساڭا نېمىلەرنى بەردى؟» دەپ سورىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «الله مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى» دېگەن. ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن: «كىشىلەر ئارىسىدا تارقاتقان ئىلمىڭ بىلەنمۇ؟» دەپ سورىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ياق، الله يولىدا بۇرنۇمغا كىرگەن چاڭ-توزان سەۋەبلىك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

73. ئەبۇ مۇسەببەھ مۇقرائىي مۇنداق دەيدۇ: بىز مالىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلخەسئەمىينىڭ قوماندانلىقىدا مۇجاھىدلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن رۇم زېمىنىغا قاراپ كېتىپ باراتتۇق. شۇ چاغدا، بۈيۈك ساھابە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مالىك ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇ قېچىرنى ھەيدەپ پىيادە كېتىپ باراتتى. مالىك ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! قېچىرىڭغا مىنىۋالغىن، الله ساڭا ئۇنى مىنىش ئۈچۈن ياراتتى» دېدى. ئۇ: «مەن ئۇلىغىمنى ئارام ئالدۇرىمەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىمۇ ھاجەتسىز. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.

مالىك ئەلخەسئەمىي جابىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مۇجاھىدلارنىڭ جابىرنىڭ

① مۇسلىم رىۋايىتى.

سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن، قوماندان مالىك جابىرنىڭ ئاۋازىنى ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاڭلايدىغان ئورۇنغا يىراقلىشىپ، ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! قېچىرىڭغا مىنىۋالغىن، الله ساڭا ئۇنى مىنىش ئۈچۈن ياراتتى» دەپ توۋلىدى. جابىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا: «مەن ئۆلگىمنى ئارام ئالدۇرىمەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىمۇ هاجەتسىز. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. مۇجاھىدلار جابىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشتى. مەن ئۇ كۈندىكىدەك پىيادە ماڭغانلار كۆپ بولغان جىهادنى كۆرمىگەن ئىدىم.[1]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ جىهادقا چىققان ۋاقىتلىرىدا، الله يولىدا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككى قەدىمىنى توپا قىلىپ پىيادە ماڭاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار روزىدارنىڭ زاۋالدىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىشىنىڭ مەكرۇھلىقىغا قىياس قىلىپ، الله يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ توپا-چاڭ كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئېغىز-بۇرنىنى ئېتىۋېلىشىنى مەكرۇھ هېسابلىدى چۈنكى مىسۋاك روزىدارنىڭ ئاغزىدىكى پۇراقنى يوقىتىدۇ، روزىدارنىڭ ئاغزىدىكى پۇراق الله نىڭ نەزىرىدە مىسك-ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. (جىهادتا توپا-چاڭ كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئېغىز-بۇرنىنى ئورىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مەكرۇھتۇر

[1] ئىبنى هىببان ۋە بەيهەقى رىۋايىتى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىنىڭ 1- توم 87-، 88- بەتلىرىدە هەم نەقىل قىلغان، ئەلبانى «سەهىھ» دېگەن.

چۈنكى ئورۇۋېلىش ئېغىز ـ بۇرنىغا چاڭ ـ توزاننىڭ كىرىشىنى توسۇپ قالىدۇ. خۇددى جىھادتا توپا باسقان ئىككى قەدەمگە ئوخشاش، چاڭ ـ توزاننىڭ كىرىشىمۇ مۇجاھىدنىڭ دوزاخقا هارام بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. «كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدى.»

74. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بەدر كۈنى هەر ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىنىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ لۇبابە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۆگىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پىيادە مېڭىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ ئورنۇڭدا بىز پىيادە ماڭايلى» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: «مەن ئىككىڭلاردىن كۈچلۈكراق، يەنە كېلىپ مەن ئەجىرگە سىلەردىن بەكرەك موھتاجمەن» دېدى.[1]

[1] هاكىم ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

# 8 ـ باب

## دېڭىز جىهادى قۇرۇقلۇق جىهادىدىن ئەۋزەل

75. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇممۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ئۇممۇ ھەرام ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ئايالى ئىدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى تاراۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلاپ قالدى ۋە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(چۈشۈمدە) ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن خۇددى تەخت ئۈستىدىكى شاھلاردەك كېمە بىلەن دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك» دېدى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئاۋۋالقى كېتىمقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭىز» دېدى.

دەرۋەقە، ئۇممۇ ھەرام مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدە دېڭىز سەپىرىگە

قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى.[1]

ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھان رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاممىسى ئىدى. ئىمام نەۋەۋى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى ۋە ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتى ھەمدە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىدا ئۇخلايتتى. بىر قىسىم ئالىملار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېمىلداش ھاممىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى».[2]

76. ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھان مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۇممىتىمدىن دېڭىزدا غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇنغا (جەننەت) ۋاجىب بولدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئۇلارنىڭ قاتارىدىن» دېدى. ئاندىن: «ئۇممىتىمدىن قەيسەر شەھىرىگە غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇننىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13 ـ توم 58 ـ بەت.

سىز ئاۋۋالقىلار قاتارىدىن» دېدى.[①]

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە شامغا ۋالى بولغان بولۇپ، ئۇ دېڭىزدا غازات قىلغان كىشىلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىلىرى قۇبرۇسقا غازات باشلىغاندا ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە چىققان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايالى ئۇممۇ ھەرام ھەم بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قۇبرۇس ئارىلىنى فەتھە قىلغاندىن كېيىن، ئۇممۇ ھەرامنىڭ مىنىشى ئۇچۇن بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى ئەمما ئۇلاغ ئۇنى ئۈستىدىن تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ گەدىنىگە قاتتىق دەسسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋاپات تېپىپ قۇبرۇسقا دەپنە قىلىندى، ﷲ ئۇ ئايالدىن رازى بولسۇن!

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە، مۇجاھىدلار رۇمنىڭ پايتەختى قۇستانتىنىيىگە غازات قىلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنىڭ دېڭىزدىكى پاراخوت ۋە كېمىلىرى مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، قۇرۇقلۇق قوشۇنى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك بولسا ئەسكىري ئەمىر ئىدى.

مۇسۇلمانلار قۇستانتىنىيىنى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن 30 ئايدىن كۆپرەك قورشاپ تۇرغاچقا، قاتتىق قىيىنچىلىق، ئاچارچىلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە مۇشەققەتلەرنى تارتتى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بۇيرۇق

[①] بۇخارى رىۋايىتى.

چۇشۇردى.[1]

ھەيىيى مۇئافىرى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىسكەندىرىيە مۇنارىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. غازاتقا ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭ پاراخوت-كېمىلىرىنىڭ (يەلكەنلىرى) كۆتۈرۈلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلەمە ئىبنى مۇخەللەدكە: «بۇ مۇجاھىدلارنىڭ گۇناھلىرى قەيەردە؟» دېگەنىدى، مەسلەمە: «خاتالىقلىرى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار خاتالىقلىرىنى ئارقىلىرىغا قويۇپ كەتتى» دېدى ۋە: «دېڭىزدا غازات قىلىش مەن ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان بايلىقلاردىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى.[2]

خەيسەمە مۇنداق دەيدۇ: شامنىڭ تەرابۇلۇس دېگەن جايىدا قېشىمىزدا ئاسىم ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ جىهادىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىزدا بولغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇنىڭدىن: «الله ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: «دېڭىزدا كۆپ جىهاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن الله ماڭا ناھايىتى كەڭ رەھمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلدى» دېدى.[3]

قازى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەقەت الله نىڭ ھەممە ئىشقا قادىر ئىكەنلىكى ۋە بارچە ماددىي

---

[1] تەبەرىنىڭ «تاريخ الأمم والملوك» ناملىق كىتابى 5- توم 291- بەتتىن 293- بەتكىچە.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 314- بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 176- بەت.

[3] ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى.

سەۋەبلەرنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكچى بولسا، شۇنداقلا پەقەت الله قىلا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا كامىل ھالەتتە تاپشۇرۇشنى ئۆزىدە ئەمەلىيلەشتۇرمەكچى بولسا، ئۇ دېڭىزدا جىھاد قىلسۇن!»[1]

ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىزدا غازات قىلىش قۇرۇقلۇقتا غازات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر چۈنكى دېڭىزدا غازات قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. تەبىئىيكى، مۇجاھىد دېڭىز جىھادىدا دۈشمەننىڭ خەتىرى ۋە غەرق بولۇپ كېتىش خەتىرىدىن ئىبارەت ئىككى خەتەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. مۇجاھىدلار دېڭىزدا قېچىش توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ پەقەت ھەمراھلىرى بىلەنلا قاچالايدۇ. جىھاد ۋە ھەج ئۈچۈن دېڭىزدا سەپەر قىلىش سالامەت يۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغاندا دۇرۇس بولىدۇ ئەمما دېڭىزنىڭ چايقىلىشى كۈچەيگەن، ياكى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن خەتەرلىك ھالەتتە دېڭىزدا سەپەر قىلىش دۇرۇس ئەمەس».[2]

77. ئەھمەد ۋە سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئەبۇ ئىمران جەۋنىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پارىستا ئىدۇق، بىزنىڭ ئەمىرىمىز زۇھەير ئىبنى ئابدۇللاھ ئىدى. ئۇ بىزگە ئۆيىنىڭ ئۇستىدىكى ياكى ئۆگزىدىكى بىر كىشىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ماڭا: «بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دېگەنىدى، مەن: «ياق» دېدىم. ئۇ ماڭا: «بىر كىشى ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ

[1] ئىبنى ئەرەبىنىڭ «أحكام القرآن» ناملىق كىتابى 4- توم 64- بەت.

[2] «المغني» 8- توم 350- بەت.

بەرگەنىدى: <كىمكى ئۆگزىدە ۋە ياكى ئەتراپىدا پۇتىنى قويغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۇخلىسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىك ساقىت بولدى (يەنى ئۇۋالى ئۆزىگە)؛ كىمكى دېڭىز دولقۇنى كۆچەيگەندە دېڭىز سەپىرىگە چىقسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىك ساقىت بولدى>». [1]

## مۇجاھىدلار تەكبىرىنىڭ پەزىلىتى

78. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەرگە سەھەردە يۈرۈش قىلدى، خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئورغاقلىرىنى ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ (قوشۇن بىلەن) قورغان تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مۇھەممەد ئەسكەرلىرى بىلەن كەپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «الله أكبر! الله أكبر! الله أكبر!» دەپ تەكبىر ئېيتتى ۋە: «خەيبەر ھالاك بولدى! بىز بىرەر قەۋمنىڭ جايىغا چۈشسەك ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!» دېدى. [2]

جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بۇ سەھىھ ھەدىس ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار بۇ ھەدىسنى جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكىگە دەلىل قىلىدۇ.

ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام مالىكتىن: «رىباتتا دۈشمەن كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەكبىر توۋلاش مەكرۇھمۇ ياكى پەقەت ئۆزى

[1] ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاڭلىغۇدەك ئىپتامدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «دۈشمەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن تەكبىر توۋلىسا ھېچقىسى يوق بەلكى ياخشىدۇر ئەمما ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تەكبىر توۋلاش باشقىلارغا ئازار بېرىش ياكى مۇسۇلمانلارنى تەشۋىشكە سېلىشقا سەۋەب بولسا ياخشى ئەمەس» دېدى.

لەيس ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇندىن بۇرۇنقى مۇجاھىدلار جەڭدە تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇلار ھارىستا[1] تۇرغاندا ۋە كېچىسى بىدار بولغاندا تەكبىر ئارقىلىق قۇۋۋەت ھاسىل قىلاتتى، بۇنى ھېچبىر كىشى ئەيىبلىمىگەن ئىدى».

---

[1] ھارىس — ئىسلام زېمىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداپ كۆزەتچىلىكتە تۇرۇش. پوستتا تۇرۇش.

# 9 ـ باب

# الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيرَةً وَاللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «كىمكى الله قا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. الله (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ[2]. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ

---

[1] سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەت.

[2] بۇ، الله ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال.

قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)».[1]

79. خۇرەيم ئىبنى فاتىك ئەسەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر قېتىم چىقىم قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئەجرى 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ».[2]

80. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا) چۇلۇك سېلىنغان بىر تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇنى الله يولىغا ئاتىدىم» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ بىر تۆگىنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ساڭا چۇلۇك سېلىنغان 700 تۆگە بېرىلىدۇ» دېدى.[3]

81. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: <ئى الله نىڭ بەندىسى! بۇ ئىشىك ياخشى> دەپ چاقىرىلىدۇ. كىمكى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىهاد ئەھلى بولسا جىهاد ئىشىكىدىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان دېگەن ئىشىكتىن چاقىرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشىنىڭ بىرلا ئىشىكتىن چاقىرىلىشى شەرتمۇ، ئەجەبا بىر كىشى ئۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق، مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد

[1] سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىمەن» دېدى.[1]

82. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى اللە يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، جەننەتنىڭ ھەربىر خادىملىرى: <ئى پالانى! بۇياققا كەل> دەپ چاقىرىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھەقىقەتەن زايە كەتمەيدىغان ۋە زىيانسىز چىقىمكەن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[2]

83. ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسى سەئسەئ ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەپ بارسام ئۆيىدە يوق ئىكەن. ئاندىن ئۇ تۆگىنى يېتىلىگەن ياكى ئەھلى-بالىلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر تۇلۇمنى تۆگىگە ئارتقان ھالدا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى. مەن: «سەن ئەبۇ زەر بولامسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «كىشىلەر مېنى شۇنداق ئاتىشىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغان ھەدىستىن بىرەرىنى سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۈمىدكى، اللە تائالا مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرۈپ قالسا» دېدىم. ئۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى اللە يولىدا قوشلاپ مال سەرپ قىلسا جەننەت پەردىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى. مەن: «<قوشلاپ مال> دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئاتتىن ئىككىنى ياكى تۆگىدىن ئىككىنى» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] نەسائى ۋە ھاكىم سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

84. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ سەرپ قىلغان دىنارلىرىدىن ئەجرى ئەڭ يۇقىرى بولىدىغىنى ئۆز ئائىلىسىگە سەرپ قىلغىنى، الله يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئۇلاغقا سەرپ قىلغىنى ۋە الله يولىدىكى قېرىنداشلىرىغا سەرپ قىلغىنىدۇر». ①

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرگە قاتناشقان كىشىلەردىن هايات قالغانلىرىنىڭ هەربىرىگە 700 دىناردىن بېرىلىشىنى ۋەسىيەت قىلدى. ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلار بۇ پۇللارنى ئالدى، ئۇلار 100 كىشى ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم گەرچە خەلىپە بولسىمۇ ئۆز نېسىۋىسى 700 دىنارنى ئالدى چۈنكى ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېلى هالال ۋە بەرىكەتلىك ئىدى. ②

الله تائالا بەندىنىڭ نەپىقىسى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ھەم قوبۇل قىلىدۇ، نەپىقە قىلغۇچىنىڭ ئۆز نەپىقىسىنى ئاز ۋە تۆۋەن سانىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

85. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى كىچىك سانىما، ھەتتاكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇچرىشىشىڭمۇ ياخشى ئەمەل هېسابلىنىدۇ». ③

بۇنىڭ مەنىسى، مۇسۇلمان ئۆزىدىكى ياخشىلىقتىن هېچنەرسىنى كىچىك سانىمىسۇن، گەرچە ئۇ ياخشىلىق ئاددىي

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى.
③ مۇسلىم رىۋايىتى.

ياكى كىچىك بولسىمۇ الله تائالا ئۇنىڭ سالىھ نىيىتى سەۋەبلىك كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

مۇجاھىدلار ئەمىرى ئۇقبە ئىبنى نافىئ فەھرى الله يولىدىكى ھەرقانداق نەپىقىنى ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلاتتى. ئەگەر بىرەر ئايال كىچىك ئورام يىپتىن بىرنى الله يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن ئېلىپ كەلسە ھەم قوبۇل قىلاتتى، ئەگەر بىرەر كىشى بىر دىنارنىڭ ئۈچتەن بىرىنى الله يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن ئېلىپ كەلسە ھەم قوبۇل قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا: «الله سېنى بۇنچىلىك ئاز نەرسىلەردىن بىھاجەت قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئالىسەن؟» دېيىلگەندى، ئۇ: «مەن ئۇ نەپىقە سەۋەبلىك الله نىڭ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئالىمەن. ئاندىن بىز ئۇ سەدىقىنى ئۆز يېنىمىزدىن بېرىمىز ـ دە، الله بىزگە ھەم ئەجىر بېرىدۇ» دېدى.

الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزى راستتۇر. الله ھەقىقەتەن زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۇنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

الله يولىدا مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىلىرىدىن بىرى، يولدىشى ۋە ئۆز ئوغۇللىرىنى الله يولىدا شەھىدلىككە ئاتىغان، ئۆز ماللىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلغان ھەتتا چېچىنى كېسىپ، ئۇنى الله يولىدا سەدىقە قىلغان ئايالنىڭ قىسسىسىدۇر. بۇ قىسسىنى

ئەھمەد ئىبنى جەۋزى ئۆزىنىڭ «سوق العروس وأنس النفوس» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ قۇدامە شامىيدىن نەقىل قىلىپ تەپسىلىي بايان قىلغان. قىسسىنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆۋەندىكىدەك:

ئەبۇ قۇدامە شامىي — الله ئۇنىڭغا ئۆز يولىدىكى جىھادنى سۆيۈملۈك كۆرسەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ رۇمغا قارشى نۇرغۇن

جىھادلارغا قاتناشقان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدىدە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم غازاتلىرىدىن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، سورۇندىكىلەر ئۇنىڭدىن ئۇ قاتناشقان جىھادلار ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك بىرەر قىسسىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز جىھادى داۋامىدا ئەمەلىي يۈز بەرگەن ئاجايىپ بىر قىسسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ رۇمغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جىھادقا كېرەكلىك تۆگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن فۇرات دەرياسى تەرەپكە جايلاشقان رىققە شەھىرىگە كىردى. مەزكۇر شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئايال كېلىپ، ئۆز چېچىنى جىھاد ئۈچۈن سەدىقە قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى-دە، چېچىنى كېسىپ توپىغا مىلىدى. ئاندىن ئەبۇ قۇدامىدىن بۇ چاچنى مۇجاھىدلارنىڭ ئاتلىرىغا ئارغامچا بولۇشى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئايال ئۆز يولىدىشى ۋە بالىلىرىنىڭ جىھادقا چىقىپ الله قا شەھىدلىك بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت 15 ياشقا كىرگەن بىر ئوغلىنىڭ قالغانلىقىنى، گەرچە ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ئەمما ئۇ دائىم روزىدار، كېچىلىرى نامازغا تۇرىدىغان، قۇرئان يادلىغان قارى ۋە ياخشى چەۋەنداز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ياش يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كېلىشكەن ۋە ياخشىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئوغلىنىڭ هازىر شەھەردىن يىراق بىر يەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى، قايتىپ كەلگەن هامان ئۇنىڭ بىلەن جىھادقا ئەۋەتىپ، الله يولىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ھەمدە الله نىڭ ئوغلىغا ھەم شاھادەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەبۇ قۇدامە ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇ يىگىت كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن رۇمغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن

رىققىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن هېلىقى مۇجاهىد يىگىت ئۇلارغا ئاتلىق يېتىشىۋالدى. ئۇ يىگىت ئەبۇ قۇدامىگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ هېلىقى ئايالنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرى الله قا شەهىدلىك بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ هەم ئۇلارغا ئوخشاش شەهىد بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ قۇدامە يىگىتنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يىگىت جىهادقا بىللە ئېلىپ چىقىشىنى ئەبۇ قۇدامىدىن ئۆتۈنۈپ سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاتلىق ماهىر چەۋەنداز، ئۇستا مەرگەن، قۇرئان يادلىغان قارى، رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈننىتىگە ئالىم ئىكەنلىكىنى هەمدە دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ شەهىد بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. يىگىت يەنە ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا ئۇنىڭ شەهىدلىككە هېرىس بولۇشىنى، كاپىرلارغا ئارقىسىنى قىلىپ قاچماسلىقىنى، ئۆز جېنىنى الله ئۈچۈن پىدا قىلىشىنى هەمدە ئۇنىڭدىن شاهادەتكە ئېرىشىپ ئۆز ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئەبۇ قۇدامىگە ئېيتىپ بەردى.

ئەبۇ قۇدامە بۇ ياش چەۋەنداز يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناهايىتى تەسىرلەندى ۋە ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار رۇمنىڭ ئەسكىري بازىسىغا يېقىنلاشقان چاغدا كۈن پېتىش ۋاقتى بولغان ئىدى. مۇجاهىدلار روزىدار بولۇپ، بۇ ياش يىگىت ئۇلارنىڭ ئىپتار تامىقىنى پۇشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

يىگىت ئۇيقۇغا كەتكەندە ئەبۇ قۇدامە ئۇنىڭغا قارىۋېدى، ئۇ ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىز كۈلدى. ئەبۇ قۇدامە بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى ۋە

ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ: «ئۇنىڭغا قاراڭلار!» دېدى. يىگىت ئويغانغاندا، ئەبۇ قۇدامە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۇخلاۋېتىپ كۆلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋېدى، يىگىت ئۆزىنى كۆلدۈرگەن چۈشىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى ياپيېشىل بىر باغدا كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بىر قەسىرنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ پەردىلىرىنىڭ يەڭگىل يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى، قەسىردە يۈزلىرى خۇددى ئايدەك قىزلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا چۈشكەنلىكىنى، يىگىت ئۇلاردىن بىرىگە قولىنى سوزغاندا، ئۇلار: «ئالدىرىماڭ! سىز مەرزىيەنىڭ ئېرىسىز، ئۇ ھازىر ئاۋۇ قەسىردە» دېگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ شۇ قەسىرگە كىرىپ خۇددى قۇياشتەك بىر قىزنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ قىزچاق ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا: «سىز مېنىڭ، مەن سىزنىڭ» دېگەنلىكىنى، يىگىت ئۇنىڭغا قولىنى شۇنداق سۇنغان چاغدا، قىزچاق ئۇنىڭغا: «ئالدىرىماڭ، ئىككىمىز ئەته پېشىن نامىزى ۋاقتىدا ئۇچرىشىمىز، خۇش بېشارەت ئېلىڭ!» دېگەنلىكىنى، يىگىت بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كۆلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

سەھەردە ئۇلار رۇمنىڭ ئەسكىري بازىسىغا يېتىپ باردى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك باشلاندى. رۇم قوشۇنلىرى مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، چەۋەنداز يىگىت مۇجاھىد قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇلار تەرەپكە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. جەڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى، ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى لېكىن جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ

غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەبۇ قۇدامە چەۋەنداز يىگىتنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ جىسمىدىن قان تېمىپ تۇرغان هالدا ئۇچراتتى. ئۇنىڭ ئۈستى ـ بېشى توپا ـ چاڭ ئىدى. ئۇ ئەبۇ قۇدامىگە ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى، چۈشىدە كۆرگەن ھۆرنىڭ ھازىر بېشى ئۈستىدە ئۇنىڭ روھىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانغا بويالغان كىيىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئەبۇ قۇدامىدىن تەلەپ قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، روھىنى الله قا شاھادەت بىلەن تاپشۇردى. مۇجاھىدلار ئۇنى ئۆز كىيىمى بىلەن كېپەنلەپ، ئۆز ئورنىغا دەپنە قىلدى.

ئەبۇ قۇدامە رىققە شەھىرىگە قايتىپ، يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، جەڭدىن قايتىۋاتقانلاردىن ئۆزىنىڭ مۇجاھىد ئاكىسىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقان ئىشىك ئالدىدىكى بىر كىچىك قىزنى كۆردى. ئەبۇ قۇدامە قىزچاقتىن ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت سورىدى. ئانىسى چىقىپ ئەبۇ قۇدامىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ قۇدامە! تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلدىڭمۇ ياكى خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟» دېگەنىدى، ئەبۇ قۇدامە ئۇ ئايالغا: «تەزىيە دېگەن نېمە، خۇشخەۋەر دېگەن نېمە؟» دېدى. ئۇ ئايال: «ئەگەر ئوغلۇم سىلەر بىلەن سالامەت قايتىپ كەلگەن بولسا، سەن تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەن بولىسەن؛ ئەگەر ئوغلۇم الله يولىدا شەھىد بولغان بولسا، سەن خۇش بېشارەت ئېلىپ كەلگەن بولىسەن» دېدى. ئەبۇ قۇدامە ئۇ ئايالغا: «خۇشخەۋەر، الله ھەدىيەڭىزنى قوبۇل قىلدى. ئوغلىڭىز شەھىد بولغان ھالدا الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى» دېدى. ئۇ ئايال خۇش

بولۇپ: «ئوغلۇمنى قىيامەت كۈنى مەن ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان بايلىق (يەنى شاپائەتچى) قىلىپ بەرگەن الله قا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!» دېدى.

# 10 - باب

## الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ». [1]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەتنى «الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنى تەرك ئېتىش» دەپ تەپسىر قىلغان. [2]

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى <ھالاكەت>كە ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ھەسەن، مۇجاھىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ سالىھ، زەھھاك، سۇدى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەرگەن تەپسىرنى بەردى». [3]

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى، ئىبنى ئابباس، ئەتا، ئىكرىمە، مۇجاھىد ۋە جۇمھۇر ئالىملار ﴿وَأَنْفِقُوا

---

[1] سۈرە بەقەرە 195 - ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

[3] «تفسير ابن أبي حاتم» 1 - توم 128 - بەت.

﴿فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ <الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار> دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى <نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇقتىن قورقۇپ الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنى تەرك قىلىش> دەپ شەرھلىگەن».[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلاردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ. ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35]».[2]

---

[1] «تفسير القرطبي» 2- توم 362- بەت.

[2] سۈرە تەۋبە 34-، 35- ئايەتلەر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَا أَنْتُمْ هَؤُلَاءِ تُدْعَوْنَ لِتُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنْكُمْ مَنْ يَبْخَلُ وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَفْسِهِ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾ «سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. الله (سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (الله قا) موھتاجسىلەر. ئەگەر سىلەر (الله نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى الله قا ئىتائەت قىلىدۇ)».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ أَلَّا تُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «سىلەر نېمىشقا الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى الله قا خاستۇر».[2]

قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرساڭلار، مېلىڭلار ئارقاڭلاردا قېلىپ يەنىلا الله نىڭ ھۇزۇرىغا قايتىدىغان تۇرسا، سىلەرنى يەنە قايسى نەرسە الله يولىدا مال سەرپ قىلىشتىن توسۇۋاتىدۇ؟

الله تائالا بۇ ئايەتتە الله يولىدا پۇل سەرپ قىلمىغانلارغا كايىغان بولۇپ، بۇ ئايەت، ئاسمان-زېمىندىكى بارچە مىراسلار

[1] سۈرە مۇھەممەد 38- ئايەت.
[2] سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(مۆلۈكلەر)نىڭ اللە نىڭ ئىكەنلىكى، خۇددى مىراس ھەق ئىگىسىگە قايتقاندەك، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە نەرسىلەر ھەم قەرز قىلىنىش بىلەن اللە قا قايتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان». ①

86. ئابدۇللاھ ئىبنى سامىت غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىيىسى كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دېدىكى بار ئىدى. دېدەك ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېرەكلىك نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يەتتە دەرھەم ئېشىپ قالدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ دېدەكنى دەرھەملەرنى كىچىك پۇللارغا ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن: «سەن ئۇنى ھاجىتىڭ ئۈچۈن ياكى مېھمانلىرىڭ ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟!» دېسەم، ئۇ: «مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەرقانداق ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىلانغان ھەميانىنى ئىگىسى اللە يولىدا چىقىم قىلمىغۇچە ئىگىسىگە چوغدۇر> دېگەنىدى» دېدى. ②

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس ئىلگىرى ھەم بايان قىلىنغان ئىدى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، اللە تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ». ③

ئەسلەم ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: بىز غازات قىلىش ئۈچۈن

① «تفسير القرطبي» 17 ـ توم 239 ـ بەت.

② ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مەدىنىدىن قوغستانتىنىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جامائىتىمىزنىڭ ئەمىرى ئابدۇراھمان ئىبنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى. رۇملۇقلار ئۆزىنىڭ ئارقىسىنى شەھەر تېمىغا قىلىپ تۇرۇۋالدى. تۇساتتىن بىر كىشى يالغۇز دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كەتتى، كىشىلەر: «توختا، توختا... لا إله إلا الله... ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېيىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بېرىپ ئىسلامنى غالىب قىلىۋېدى، بىز: <ئەمدى مال-مۈلكىمىزنى پەرۋىش قىلىپ، ھال-ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىۋالايلى> دېيىشتۇق، الله تائالا شۇ چاغدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ <الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ>.[1] دېمەك، <ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش> بىزنىڭ مال-دۇنيانى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكىمىز ئىدى».

ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە جىھاد قىلىپ ھەتتا قوغستانتىنىيەگە دەپنە قىلىندى».[2]

بەيھەقى ئۆزىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق

---

[1] سۈرە بەقەرە 195- ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار: <مەن الله يولىغا سەرپ قىلغۇدەك نەرسە تاپالمايمەن> دېمىسۇن، پەقەت ئوقيانىڭ ئۇچىنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى الله يولىدىكى مۇجاھىدقا بەرسۇن! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار». [1]

## الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — الله يولىدا خىراجەت قىلىشتۇر

الله يولىدا خىراجەت قىلىش بولسا الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولۇپ، الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ بۈيۈك سەدىقىدۇر. مۇجاھىد ماللىرىنى ئۆزىگە، ئۇلاغلىرىغا ۋە باشقا مۇجاھىدلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىراجىتى قورال ـ ياراق، ئات ـ ئۇلاغ (ياكى جىھادقا كېرەكلىك قاتناش ۋاسىتىلىرى) سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋە ياكى جىھادقا كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلىسىگە ئىشلىتىلىدۇ. شەيتان الله يولىدا بېرىلگەن مالنىڭ ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىنى، ساۋابىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئۇنى الله يولىدا خىراجەت قىلغۇچىنىڭ يۈكسەك دەرىجىلەرگە يېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، الله يولىدا مال سەرپ قىلغۇچىنى باشقا ئىشقا مال سەرپ قىلغۇچىدىن بەكرەك توسۇشقا تىرىشىدۇ. شەيتانىنىڭ بۇ ئىشىغا ئىنسان نەپسىنىڭ

---

[1] بەيھەقىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 45 ـ بەت.

بېخىللىقى، مال سەرپ قىلىشقا ئادەتلەنمەسلىك ۋە مال سەرپ قىلىشتىن كېلىدىغان چەكسىز پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلار ھەمكارلىشىدۇ. الله يولىدا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە سەرپ قىلماقچى بولغاندا، كىشىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتۇپ، يامان ئىشقا بۇيرۇيدىغان مەلئۇن شەيتانغا قارشى ھەممىدىن غالىب ۋە كۈچلۈك زات الله نىڭ ياردىمى بىلەن تاقابىل تۇرمىساڭ، ئۇنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ رَبِّي يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَهُ وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ. (الله نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر» .[1]

مۇجاھىد، الله يولىدىكى جىھادقا چىقىشتا شەيتانغا غالىب بولالايدۇ-يۇ، لېكىن الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. الله يولىدا جىھادقا چىققان مۇجاھىدنىڭ الله يولىدا مال سەرپ قىلماسلىقى ئۈچۈن شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىپ: «جىھادتىن قايتقان ۋاقتىڭدا پۇل تاپالمايسەن. ۋاھالەنكى سەن جاراھەتلەنگەن ياكى كېسەل بولغان ھالەتتە قايتىدىغان تۇرساڭ!؟ ھېچ نەرسەڭ يوق، پېقىر ھالەتتە قايتىسەن، پۇل-ماللىرىڭ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇل-ماللىرىڭنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتسەڭ، قايتىپ كەلگەندە

[1] سۈرە سەبەئ 39- ئايەت.

ئەسقاتىدۇ» دەيدۇ. قەلبىدە دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرۈپ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى يامان كۆرگەن مۇجاھىد يۇقىرىقى ۋەسۋەسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شاھادەتنى سەمىمىي ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن ئارزۇ قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭدىن قايتىشى ۋە قايتقاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرىكى سەلەف سالىھلار دۈشمەنگە يولۇققاندا قىلىچلىرىنىڭ غىلاپلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋېتەتتى چۈنكى ئۆلارنىڭ پىكىرىگە تىرىك قايتماسلىق ئىرادىسى ئورناپ كەتكەن. ئۆلارنىڭ قەلبى شاھادەت سۆيگۈسى، الله قا ئۇچرىشىش ئىشتىياقى ۋە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ كاتتا بەختكە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن تولغان ئىدى.

ئىلگىرىكىلەردىن بەزىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇجاھىدلار بىلەن جىھادقا چىقتىم. دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇرۇپ، سەپلەر ئايرىلغان چاغدا، شەيتان يېنىمغا كېلىپ ئايالىمنى، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى ۋە مۇھەببىتىنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى يامان كۆرسەتتى، باياشات تۇرمۇشۇمنى ۋە پۇل-ماللىرىمنىڭ كۆپلۈكىنى خىيالىمغا كەلتۈردى. ئاقىۋەت، مەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش نىيىتىگە كەلگىلى تاس قالدىم. شۇ پەيتتە، ماڭا الله تەرىپىدىن ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم كەلدى-دە، ئاندىن ئۆز نەپسىمگە: ‹ئى نەپسىم! ئەگەر مەن جەڭ مەيدانىدىن قاچسام ئايالىم تالاق، قۇل-دېدەكلىرىم ئازات ۋە ئىگىدارچىلىقىمدىكى بارچە مال-دۇنيالىرىم پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە بولسۇن. ئى نەپسىم! بارچە مال-دۇنيالىرىم ۋە ئايالىمدىن ئايرىلغاندىكى ھاياتىنىڭ يەنە تارتىشقۇدەك نېمىسى بار؟> دېدىم. شۇندىلا نەپسىم ماڭا: ‹ئەمدى مەن قايتىشنى

خالىمايمەن> دېگەنىدى، مەن نەپسىمگە: ‹ئۇنداقتا جىھادقا ماڭ!› دېدىم».

شەيتان گاھىدا مۇجاھىدقا ۋەسۋەسە قىلىپ: «سەن چوقۇم ئۆلتۈرۈلىسەن، بالىلىرىڭ سېنىڭدىن كېيىن يېقىرلىقتا قالىدۇ، ئائىلەڭ موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېلىڭنى خىراجەت قىلماي، ئۇلارغا قويۇپ قويغىن. ئۇلارنىڭ سەندىن ئايرىلىپ قالغاندىكى مۇسىبىتىگە بۇ تەسەللى بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ۋەسۋەسىنى ﷲ قا ھەقىقىي ئىشەنچىسى بولمىغان: بەندىنىڭ رىزقىنىڭ ﷲ نىڭ كاپالىتىدە ئىكەنلىكى، ﷲ نىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ئىمانىدا شەك بار كىشى قوبۇل قىلىدۇ. مۇئمىن مۇجاھىد ئۆزىنى ﷲ بىلەن ئۆز ئەھلى ـ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارغا رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ۋاستە دەپ ئېتىقاد قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۇ ئۇلارغا ۋە ئۆزىگە زەررىچىلىك ئىگە بولالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىن بولىدىغان ئۇلارنىڭ رىزقىغا غەم يەيدۇ؟!

ھاتەم ئەسەمدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئايالىغا: «سەپەرگە چىقىشىمدىن بۇرۇن سىز ۋە بالىلار ئۈچۈن قانچىلىك نەرسە قويۇپ قويسام يېتىدۇ؟» دېگەنىدى، ئۇنىڭ مۇئمىنە ئايالى: «ئى ھاتەم! ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى رىزىق بەرگۈچى ئەمەس بەلكى رىزىق يېگۈچى دەپ بىلىمەن. رىزىق بەرگۈچى پەقەت ﷲ تۇر، خالىغان سەپىرىڭىزگە چىقىۋېرىڭ!» دېدى.

سەلەفلەر ﷲ يولىدا كۆپ چىقىم قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشەتتى.

87. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: «بۈگۈن ئەبۇبەكرىدىن ئۆتۈپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى» دېدىم ـ دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە ئېلىپ قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «يەنە مۇشۇنچىلىك قالدۇردۇم» دېدىم. ئەبۇبەكرى سىددىق بولسا ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم» دېدى. مەن: «سەندىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن» دېدىم.①

بىر قېتىم مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئەۋەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئۇنىڭدىن بىر دەرھەممۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىسىنى الله يولىدا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىزگە بىرەر دەرھەمنى قويۇپ قويغان بولسىڭىز ئۇنىڭغا گۆش سېتىۋالغان بولاتتۇق» دېگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: «ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەگەر باياتىن ئەسلەتكەن بولساڭلار چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم» دەيدۇ.②

88. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بارسام ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ھاكىم رىۋايىتى. زەھەبىمۇ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن.

ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرئاز ئولتۇردۇم ـ دە، ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىۋېدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار كۆپ مال ـ دۇنيا توپلىغانلاردۇر. لېكىن ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سولدىن (سېخىيلىق بىلەن) سەدىقە بەرگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمما بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى بەك ئاز» دېدى.[1]

89. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر! مېنىڭ گەرچە ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشۈم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان بولاتتىم، ھەتتا ۋاپات بولغان كۈنىمدە ئۇنىڭدىن بىر قىرات ساقلاشنى ھەم خالىمايمەن».[2]

مۇئمىن مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلغان چاغدا، الله قا كۈچلۈك تەۋەككۇل قىلىشى، ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن الله نىڭ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى رىزىقلاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىشى لازىم. بۇ خىل ئەھۋال ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئوغۇللىرىنى چاقىردى. ئۇنىڭ ئون بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئايالىغا مىراستىن نېسىۋىسىنى بېرىپ، قالغىنىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار قالغان پۇلنى ھېسابلىغاندا، بالىلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىر دىناردىن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] بەززار رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تەگكەن ئىدى. مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين! ئۇلارنىڭ ئىشىنى ماڭا تاپشۇرغىن، ئۇ بىر دىنارنىڭ ئۇلارغا نېمە پايدىسى بار؟» دېگەنىدى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «مېنىڭ ئوغۇللىرىم چوقۇم ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدە بولىدۇ: سالىھ بولسا، الله سالىھلارغا ئىگە بولىدۇ؛ سالىھ بولمىسا، مەن ئۇلارنىڭ الله قا ئاسىيلىق قىلىشىغا ياردەم قىلمايمەن!» دېدى.

الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بالىلىرىدىن سالىھلىرىنى باي قىلدى. ئۇلاردىن بىرى الله يولىدا 100 چەۋەندازنى يۈز ئات بىلەن جابدۇدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، الله نىڭ ۋەدىسىگە شەكسىز ئىشەنسە، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسا ۋە الله ئۈچۈن سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئورنىنى الله نىڭ ئۇنىڭغا تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا شەك قىلمىسا، الله يولىدا مېلىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىشمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

سەييىدىمىز ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز مېلىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلغان ۋاقىتتا، بۇ ئەمەل الله نىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر كاتتا، ئەجىر-ساۋابى نەقەدەر چەكسىز بولدى-ھە! لېكىن بۇنىڭغا پەقەت كاتتا نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ. الله قا بولغان تەۋەككۇلى ئاجىز، ئىشەنچىسى بوش كىشى مال-دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى الله يولىدا سەرپ قىلىۋەتمەي بەلكى بىر قىسمىنى ئائىلىسى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەزى ساھابىلىرىگە قىلغان سۆزلىرى دەلىلدۇر.

90. الله تائالا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق نەرسىلىرىمنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى

ئۇچۇن سەدىقە قىلىۋېتەي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر قىسىم مېلىڭنى ئۆزۈڭگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭ ياخشى» دېگەن.①

91. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مىراسخورلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ نامرات ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر».②

بۇنىڭ مەنىسى قانداقتۇر «پەيغەمبەر ﷺ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋەككۇلى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى سەزگەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنى ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىشتىن توسقان» دېگەنلىك بولمايدۇ چۈنكى ساھابىلار ھەققىدە بۇنداق گۇمان قىلىشىمىز دۇرۇس ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلارنى ماللىرىدىن بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلاردىن كېيىن تەۋەككۇلى ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشى ئۈچۈندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ساھابىلەرنىڭ كۈچلۈك تەۋەككۇلچىلىرىگە ئەگىشىپ، مېلىنى خىراجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، ئەجىرلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى خۇددى نۇرانە يۇلتۇزغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە ئەگەشسە ھىدايەت تاپىدۇ. كىمنىڭ ئىشەنچى ۋە تەۋەككۇلى ئاجىز بولسا، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەگىشىپ مېلىنىڭ بىر قىسىمىنى قالدۇرۇپ، بىر قىسىمىنى الله يولىغا سەرپ قىلسۇن! كىمنىڭ ئىشەنچى ۋە تەۋەككۈلى كۈچلۈك بولسا، قانداق خالىسا شۇنداق سەرپ قىلسۇن. ئەگەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ، مېلىنىڭ ھەممىسىنى الله يولىغا سەرپ قىلسا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

ئەمما، الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇپ ئۇنى تەرك ئېتىش بولسا ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانغا بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىشقا ھەم ھېچقانداق رۇخسەت يوق. الله ھەقنى ئېيتىدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

# 11 ـ باب

## مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش

92. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بەنى لەھيان قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتىپ: «ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى بارسۇن، ئەجىر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولىدۇ» دېگەن. ①

ئىمام ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس پەرز كۇپايە جىھادقا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، پەرز كۇپايە جىھادنى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئادا قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ».

93. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە يولىدا غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى اللە يولىدا غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئېلىشقا قالغان بولسا، ئۇمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ». ②

94. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ روزا تۇتقۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ھەم ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ؛ كىمكى

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ غازىنىڭ ساۋابىدىن ھەم ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ». ①

95. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ؛ كىمكى بىر غازىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مال سەرپ قىلسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ». ②

غازاتقا تەييارلانغان كىشى كېسەللىك ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك غازاتقا چىقالمىغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۆزىگە تەييارلىغان نەرسىنى باشقىلارنىڭ غازاتقا چىقىشى ئۈچۈن بەرسە بولىدۇ.

96. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇشقا قاتنىشاي دېسەم جابدۇنغىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پالانى كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ئۇرۇشقا جابدۇنغان ئىدى ئەمما ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى ئېيتتى» دېدى. ئۇ كىشى ئايالىغا: «مەن ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەردىن ھېچنىمىنى ئېلىپ قالماي ھەممىسىنى بۇ

① تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يىگىتكە بەرگىن! اﷲ بىلەن قەسەمكى، ھېچنەرسىنى ئېلىپ قالما! شۇندىلا اﷲ بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ» دېدى.[1]

97. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئۆز ئانىلىرى ئۇلارغا ھارام بولغىنىدەك ھارامدۇر. ھەرقانداق بىر جىھادقا چىقمىغان كىشى، مۇجاھىدنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قويۇلۇپ، ئاندىن ئۇ كىشى مۇجاھىدنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلغان بولسا، خىيانەت قىلغۇچى قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن تۇرغۇزۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ. سىلەرچە خائىننىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!»[2]

بۇ ھەدىستە مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمىتى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن خۇددى ئانىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمي مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ سەۋەبى، (اﷲ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) مۇجاھىدنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچى ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ كاتتىلىقىدىندۇر چۈنكى مۇجاھىد ئولتۇرۇپ قالغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ نائىبى ھېسابلىنىدۇ، مۇجاھىدنىڭ جىھادقا چىقىشى بىلەن پەرز جىھاد ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ ۋە مۇجاھىد ئۆز جېنى بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئۇنىڭ مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان خىيانىتى بولسا

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۆز قوشنىسىنىڭ ئەھلىگە قىلغان خىيانىتىدىن كاتتىدۇر». [1]

## 12 ـ باب

# مۇجاھىدلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

98. سەھل ئىبنى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدىكى بىر مۇجاھىد ياكى بىر غازىنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بەرسە ۋە ياكى مەلۇم مىقدار پۇل بەدىلىگە ئازاد بولىدىغان قۇلىنىڭ قەرزىدە ياردەم بەرسە، ھېچبىر سايە يوق كۈندە الله ئۇنى ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدۇ». [2]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، الله يولىدىكى مۇجاھىدقا بىر قامچىنى تەييارلاپ بېرىشىم مەن ئۈچۈن پەرز ھەجدىن كېيىن قىلىنغان (نەفلە) ھەجدىن سۆيۈملۈكتۇر». [3]

99. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا، الله يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، الله يولىدىكى مۇجاھىدقا قىلغان خىزمەت ياكى قورامىغا يەتكەن بىر

---

[1] ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىينىڭ «كتاب المنهاج في شعب الإيمان» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 475 ـ بەت.

[2] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[3] تەبرانى رىۋايىتى.

تۆگىنى الله يولىدا سەرپ قىلىشتۇر». ①

بۇ ھەدىس كىشىلەرنى مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىشكە تەرغىب قىلغان بولۇپ، سايە چۈشىدىغان چېدىر تىكىپ بېرىش، الله يولىدىكى مۇجاھىدقا قىلغان خىزمەت ياكى مۇجاھىدقا ئۈچ ياشتىن ئاشقان ئەركەك تۆگىنى تەييارلاپ بېرىش بولسا الله نىڭ ھۇزۇرىدا سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ.

100. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتقا چىقماقچى بولۇپ: «ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نە مال-مۈلكى، نە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق. شۇڭا ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى ئۆزىگە قوشۇۋالسۇن» دېدى. ھېچكىم ئۇلىغىغا يالغۇز مىنەلمەيتتى، بىر نەچچەيلەن بىر ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى قوشۇۋالغان ئىدىم، ئۆز تۆگەمگە پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش مىنىش نۆۋىتىم كەلگەندىلا مىنەلەيتتىم. ②

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يولىدا ماڭغان ھەمراھلىرىمنى ئۆزىتىپ چىقىشىم، ئۇلارنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇشۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ بېرىشىم مەن ئۈچۈن ئون قېتىم نەفلە ھەج قىلغاندىنمۇ سۆيۈملۈكراقتۇر».

بىلال ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيسنى رۇم زېمىنىدا قېچىر ئۈستىدە جىھاد قىلىۋاتقان ھالىتىدە كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ قېچىرغا ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە

---

① تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
② ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مىنەتتى ۋە ھەمراھلىرىنىمۇ نۆۋەتلىشىپ مىندۇرەتتى. ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيس غازاتقا چىققاندا ئۆزىگە جىھادتا بىرگە بولىدىغان ھەمراھ ئىزدەيتتى. قاچانىكى مۇۋاپىق ھەمراھلارنى كۆرسە، ئۇلارغا: <ئى خالايىق! مەن سىلەر بىلەن جىھادقا چىقىمەن لېكىن مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسەڭلار مەن سىلەر بىلەن جىھاد قىلىمەن> دەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن: <نېمە شەرت؟> دەپ سورىسا، ئۇ: <بىرىنچى، مەن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار بولىمەن، ھېچكىم مەندىن خىزمەتكارلىقنى تالاشمايدۇ؛ ئىككىنچى، مەن سىلەرنىڭ مۇئەززىنىڭلار بولىمەن، ھېچكىم ئەزان توۋلاشنى مەندىن تالاشمايدۇ؛ ئۈچىنچى، تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىمەن> دەيتتى»[1].

سەلەف سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خىسلەتلىرى مانا شۇنداق ئىدى. ئۇلار جىھادقا چىقسا، ھەمراھلىرىنىڭ خىزمەتكارى بولۇشقا، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا، تاپقان نەرسىلىرىنى خەير-ئېھسان قىلىشقا، ئەگەر تاپالمىغان تەقدىردىمۇ ئامال بار ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ﷲ تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەمدە ئۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

ئەبۇ جەھم ئىبنى ھۇزەيفە ئەدەۋى مۇنداق دەيدۇ: مەن يەرمۇك كۈنى تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ (جەڭ مەيدانىغا) كىردىم، مەندە بىر سۇ تۇلۇمى بار ئىدى. مەن: «ئەگەر ئۇ يارىلانغان بولسا ئۇنىڭغا ئىچكۈزىمەن» دېدىم. (ئۇنى تېپىپ) يۈزىنى سىلىدىم، ئاندىن

[1] ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2-توم 178-، 179- بەتلەر.

ئۇنىڭغا: «سۇ ئىچەمسەن؟» دېسەم، ئۇ: «ھەئە» دەپ ئىشارەت قىلدى. تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، تاغامنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى ھىشام ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سۇ ئىچەمسەن؟» دېسەم، سۆزۈمنى يەنە بىرسى ئاڭلاپ: «ئاھ، ئاھ!» دېدى. ھىشام مېنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشىمگە ئۇ ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزدى؛ ئاندىن ھىشامنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ؛ ئاندىن تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ. الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن![1]

قېرىندىشىم، ئۇلارغا بىر نەزەر تاشلىغىن! ئۇلار ئەنە شۇنداق ھايات-ماماتلىق دەقىقىلەردىمۇ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئارتۇق كۆرەتتى، ئۆزى سۇغا شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ تۇرغاندىمۇ كەڭ قورساقلىق ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىش بەدىلىگە سۇنى باشقا قېرىنداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قۇربانلىقلىرى بىلەن الله رازىلىقىغا لايىق بولغانىدى. (ئى الله ! بىزنىمۇ شۇلارغا ئەگەشكىلى نېسىپ قىلغىن.)

## مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىش

101. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 132- بەت، «تفسير القرطبي» 18- توم 28- بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قوشۇننى تەييارلاپ، ئۇلار بىلەن بەقىيئۇلغەرقەد دېگەن يەرگىچە بىرگە ماڭدى. ئاندىن ئۇلارغا: «اللە نىڭ ئىسمى بىلەن (بىسمىللاھ دەپ) مېڭىڭلار. ئى اللە ! بۇلارغا ياردەم بەرگىن» دېدى.①

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ شامغا قوشۇن ئەۋەتىپ، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىلەن بىرگە ماڭدى. يەزىد ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا: «يا ئاتقا مىنىۋالغىن، ياكى مەن چۈشۈپ ماڭىمەن» دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا: «سەن ئاتتىن چۈشمىگىن، مەنمۇ ئاتقا مىنمەي. مەن اللە يولىدىكى بۇ قەدىمىم بىلەن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.②

102. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم مەن غازاتقا چىققان ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا ئۇ: «مەندە سىلەرگە بەرگۈدەك نەرسە يوق لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: ‹ئەگەر اللە قا بىرەر نەرسە ئامانەت قويۇلسا، اللە ئۇنى ساقلاپ بېرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلار، ئامانىتىڭلار ۋە ئەمىلىڭلارنىڭ تۈگەنچىسىنى اللە قا ئامانەت قىلىپ تاپشۇردۇم» دېدى.③

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ئۆز ھەمراھىغا: ‹بىز بىلەن ماڭ! پالانى غازىنى ئۇزىتىپ قويىمىز› دېسە، اللە تائالا: ‹بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى ۋە ئېيتىلغۇچىغا خۇش مۇبارەك بولسۇن!› دەيدۇ».④

---

① ئەھمەد، تەبرانى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئىبنى ھەجەر «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

② ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى. ئىمام مالىك «الموطأ» ناملىق كىتابىنىڭ 2ـ توم 447ـ بېتىدە ھەم نەقىل قىلغان.

③ نەسائى ۋە بەيھەقى رىۋايىتى.

④ بەيھەقى رىۋايىتى.

103. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك غازىتىدىن قايتقىنىدا، بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كىچىك باللار بىللە بىلەن «سەنىيەتۇلۋەدائ» دېگەن يەرگە باردۇق».[1]

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

## 13 ـ باب

# ئاتنىڭ پەزىلىتى، ئۇنى جىهاد نىيىتى بىلەن بېقىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىراجەت قىلىش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا ۞ فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا ۞ فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحًا ۞ فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا ۞ فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا ۞﴾ «(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.

چاپقانلىقتىن) توپا-چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا-چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى [1-5]».①

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرەمە، قەتادە ۋە ئۇلاردىن باشقىلار ئايەتتە قەسەم قىلىنغان ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا﴾ «ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى (ئاتلار)»نىڭ بولسا، مۇجاھىدلار ئۇنىڭ ئۈستىدە غازات قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان ئاتلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

بىلگىنكى، جىھادقا تەييارلانغان ئاتنىڭ ناھايىتى كاتتا پەزىلەتلىرى باردۇر.

(1) كىمكى بىرەر ئۇلاغنى جىھاد نىيىتى بىلەن باقسا، ئۇنىڭ توقلۇقى، ئاچلىقى، سۇغا قېنىشى، ئۇسسۇزلۇقى، سۈيدۈكى، تېزىكى، يېگەن-ئىچكىنى ۋە باسقان قەدەملىرى قىيامەت كۈنى ياخشىلىق تارازىسىدا تارتىلىدۇ.

104. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ ئات باقسا، ئۇ ئاتنىڭ يەپ-ئىچكىنى، تېزەكلىگىنى ۋە سىيگەنلىرىدىن تارتىپ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىغا سېلىپ تارتىلىدۇ».②

105. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇ بەزىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىلەر ئۈچۈن دوزاختا پەردە بولىدۇ،

① سۈرە ئادىيات 1- ئايەتتىن 5- ئايەتكىچە.
② بۇخارى رىۋايىتى.

يەنە بەزىلەرگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا، ئۇ كىشى ئاتنى رىيا، مەنمەنچىلىك قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. دوزاخقا پەردە بولىدىغان ئات بولسا، جىهادتىن باشقا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بېقىلغان، ئىگىسى ئۇ ئاتنىڭ ئۇستىدىكى ۋە ئۆز گەدىنىدىكى الله نىڭ ھەققىنى ئۇنتۇمىغان ئاتتۇر. ئىگىسىگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا، ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن الله يولىدا بىرەر يايلاق ياكى بىرەر باغقا باغلاپ قويۇلغان ئاتتۇر. ئۇنىڭ يايلاق ياكى باغدىن يېگەن ئوتلىرى ياكى تېزەكلىگەن تېزەكلىرى ۋە ياكى سىيگەن سۈيدۈكلىرى مىقدارىدا نۇرغۇن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرگەن ۋاقىتتا دەسسىگەن ھەربىر قەدىمى ۋە تېزەكلىگەن ھەربىر تېزىكىگىمۇ الله نۇرغۇن ساۋابلارنى يازىدۇ. ئىگىسى ئۇنى مىنىپ ئېرىقتىن ئۆتكەندە، گەرچە ئىگىسىنىڭ ئۇنى سۇغۇرۇش نىيىتى بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئېرىقتىن ئۆزى ئىچىۋالغان ھەربىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈنمۇ الله نۇرغۇن ساۋاب يازىدۇ» .[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئىگىسى ئۇنى مىنىپ ئېرىقتىن ئۆتكەندە، گەرچە ئىگىسىنىڭ ئۇنى سۇغۇرۇش نىيىتى بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئېرىقتىن ئۆزى ئىچىۋالغان ھەربىر يۇتۇم سۇ» دېگەن سۆزى، ئاتنىڭ ئىگىسى ئاتنى سۇغۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان ھالەتتە يېگەن-ئىچكىنى ئۈچۈن ئىگىسىنىڭ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابنى نىيەت قىلىپ سۇغارغان كىشىنىڭ ئەجرى قانچىلىك كاتتا بولار؟!

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) كىمكى الله يولىدا بىر ئات باقسا، ئات قىيامەت كۈنى ئىگىسى ئۈچۈن دوزاخقا پەردە بولىدۇ.

(3) كىمكى الله يولىدا بىر ئات باقسا، ئۇ كېچە-كۈندۈز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مال سەرپ قىلغان كىشى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئەجرىگە ئېرىشىدۇ.

(4) ئات ئۈچۈن مال سەرپ قىلغۇچى، قولىنى سەدىقە قىلىشتىن يۇمۇۋالماي (بېخىللىق قىلماي)، ھەر ۋاقىت خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

106. ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر، ئىگىسى بۇ ئات سەۋەبلىك (الله نىڭ ياردىمىگە) ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا مال سەرپ قىلغۇچى سەدىقە ئۈچۈن قولىنى ئېچىۋەتكەن (يەنى توختىماي خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان) كىشىگە ئوخشايدۇ».[1]

(5) ئاتقا مال سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله ئاتنىڭ ئىگىسىگە ياردەم بېرىدۇ.

107. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ۋە غەنىيمەت پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ كۆكۈلىسىنى سىيلاڭلار، (الله تىن) ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەڭلار!»[2]

(6) ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى پۈتۈلگەندۇر. ئاتتا نۇرغۇن ياخشى خىسلەت

---

[1] تەبرانى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئاتنى «ياخشىلىق» دەپ ئاتىدى.

108. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بارماقلىرى بىلەن ئېتىنىڭ كوكۇلىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر» دېگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.①

109. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر».②

ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇشبۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان شەبىيب ئىبنى غەرقەد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىدا جىھاد ئۈچۈن تەييارلانغان 70 ئاتنى كۆردۈم».③

يۇقىرىقى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار: جەرىر بەجەلىي، ئۇرۋە بارىقىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ زەر غىفارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئەنەس ئىبنى مالىك، بەرائ ئىبنى ئازىپ، ئەبۇ ئۇمامە باھىلى، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە، سەۋادە ئىبنى رابىئ، سەلەمە ئىبنى نۇفەيل، ئۇتبە ئىبنى ئابدۇ سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

③ «تفسير القرطبي» 8- توم 36- بەت؛ ئىبنى ھەجەرنىڭ «فتح الباري» ناملىق كىتابى 6- توم 632- بەت.

(7) رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇچۇن ئاياللىرىدىن كېيىنكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە ئاتتۇر.

110. مۇئەققەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئاياللاردىن قالسا ئاتتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق ئىدى.①

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ ئېتى بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئېتى بولسۇن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈش سۇننەتتۇر.

(8) ئات ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس چۈنكى ئۇ الله قا ئۆزىگە خاس بولغان ھالەت بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئات ئۆزىدىن باشقا مىنىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئەقىل-ئىدراكىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تەربىيىنى تېز قوبۇل قىلىشى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

111. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئەرەب ئېتى ئۈچۈن ھەر سەھەر ۋاقتىدا مۇنداق ئىككى دۇئا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن: ئى الله ! مېنى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ مۈلكى قىلدىڭ، شۇڭا مېنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن».②

ئىبنى مۇبارەك سۇدىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇتبە ئىبنى فۇرقەد جىھادقا ماڭغاندا تۆتمىڭ دىنارغا بىر ئات سېتىۋالدى. كىشىلەر ئاتنىڭ باھاسىنى قىممەت كۆرۈپ ئۇنىڭغا مالامەت قىلغانىدى، ئۇ ئۇلارغا: ‹ئاتنىڭ دۈشمەن تەرەپكە

① نەسائى رىۋايىتى.
② نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قاراپ باسقان ھەربىر قەدىمى مەن ئۇچۇن 4000 دىناردىن سۆيۈملۈك> دېدى». [1]

ئەمر ئىبنى ئۇتبە كۇفە شەھىرىدىكى تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن، مۇجاھىد ۋە شەھىدلىرىدىن بولۇپ، زاھىد كىشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق جىھادتا شاھادەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ غازاتقا چىققاندا، ھەمراھلىرىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشنى شەرت قىلاتتى.

ئەئىمەش مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر ئىبنى ئۇتبە ئىبنى فۇرقەد مۇنداق دېگەن: <مەن الله تائالادىن مېنى دۇنيادا زاھىد قىلىشىنى سورىغانىدىم، مېنى زاھىد قىلدى، دۇنيا ماڭا ئالدىنى قىلسۇن ياكى ئارقىسىنى قىلسۇن پەرۋايىم يوق؛ الله تائالادىن ماڭا ناماز ئۇچۇن قۇۋۋەت بېرىشىنى سورىغانىدىم، ماڭا قۇۋۋەت ئاتا قىلدى؛ مەن يەنە ئۇنىڭدىن شاھادەتنى سورىدىم، ئۇنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن>».

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: بىز قوشۇن بىلەن جىھادقا چىقتۇق، ئەمر ئىبنى ئۇتبە ھەم بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا بىر يېڭى ئاق تون كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇ: «بۇ توننىڭ ئۈستىگە قان ئاققان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!؟» دېدى. جەڭنىڭ كەسكىن پەيتىدە، دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان بىر تاش ئۇنىڭغا تېگىپ بېشىنى يېرىۋەتتى، بېشىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ تونىغا تۆكۈلدى ۋە ئۇ الله تائالاغا شاھادەت بىلەن ئۇچراشتى.

(9) الله يولىدا ئات باققان كىشى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ چۈنكى ئۇ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان بولىدۇ.

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 134-، 135- بەتلەر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى قورقۇتىسىلەر».[1]

112. ئەبۇ ۋەھەب جۇمەھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات بېقىڭلار، پېشانىسىنى ۋە ساغرىسىنى سىلاڭلار، بويىنىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇڭلار ئەمما تارا ئاسماڭلار!»[2]

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئاتلىرىغا تارىلارنى ئېسىپ، ئۇنى <كۆز تېگىشتىن ساقلايدىغان تۇمار> دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاتلارنىڭ بويىنىغا تارىلارنى ئېسىشتىن توسقانىدى».[3]

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىسىملىرى

1. سەكب (يورغا). بۇ ئاتنىڭ ئۈچ پۇتى قاشقىلىق، بىر پۇتى ئۆز رەڭگىدە بولۇپ، چىلانتورۇق ئىدى. بۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇنجى ئىگە بولغان ئات بولۇپ، بىر ئەئرابىدىن ئون ئۇقىيىگە (يەنى 120 دەرھەمگە) سېتىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئات بىلەن تۇنجى بولۇپ ئوھۇد غازىتىغا قاتناشقان.

---

[1] سۇرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 937- بەت.

2. ئەلمۇرتەجىز (شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى). بۇ ئات خۇددى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندەك گۈزەل كىشنىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

3. ئەللەھىيب (يۈگىگۈچى). بۇ ئاتنىڭ قۇيرۇقى تۇم بولغانلىقى ئۈچۈن «يۈگىگۈچى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە فەرۋە ئىبنى ئەمر جۇزامى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان.

4. لەززاز (چاپلاشقۇچى). بۇ ئات نىشانغا تېز يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن «چاپلاشقۇچى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇقەۋقىس ھەدىيە قىلغان.

5. ئەززارب (بەستلىك). ئۇ ئات كۈچتۈڭگۈر ۋە بەدىنى مۇستەھكەم بولغانلىقى ياكى سېمىز ۋە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن «بەستلىك» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى ھەم فەرۋە ئىبنى ئەمر جۇزەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان.

6. ئەلۋەرد (گۈل). بۇ ئاتنىڭ رەڭگى قىزىل تورۇق بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ ئاتنى تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغانىدى.

7. سەبەھە (يۈگۈرەك). بۇ، ئەرەبلەرنىڭ «يۈگۈرەك ئات» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئات چاپقاندا ئالدى ئىككى پۇتىنى تولىمۇ گۈزەل ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

يۇقىرىقى يەتتە ئاتنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئالىملار ئىتتىپاقتا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ كۆپ مىنىدىغىنى بىرىنچى ئات «سەكب» ئىدى.

يۇقىرىقى يەتتە ئاتتىن باشقىسى ھەققىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار. بىر رىۋايەتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر ئالا ئېتى بار

ئىدى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، زۇلئۇقال، زۇللەممە، ئەلمۇرتەجىل، ئەلمۇراۋىھ، ئەسسەرھان، ئەلىيەئىسۇب، ئەلىيەئىبۇب، ئەلمەندۇب، ئەلبەھر، ئەننەجىب دېگەن ئاتلىرى بار ئىدى. بۇ ئاتلار ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشقان. بۇ بابتىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، ئاتقا ئىسىم قويۇشتا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇلدۇل، فىددا ۋە شەھبائ ئىسىملىك قېچىرلىرى بار بولۇپ، شەھبائ ئىسىملىك قېچىرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەيلە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يەنە تۆتىنچى بىر قېچىرى بار بولۇپ، بۇنى دەۋمەتۇل جەندەل دېگەن ئورۇننىڭ ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان.

# 14 ـ باب

# ئاتقا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى

تەمىم ئىبنى ئەۋس دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەمىر ئىدى. رەۋھ ئىبنى زىنباﺋ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەھلى ـ بالىلىرى ۋە خىزمەتچىسى بىلەن بىللە ئىتى ئۈچۈن ئارپا تازىلاۋاتقىنىنى كۆردى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىتىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تەمىم ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىنى كېسىۋېتىشنى يامان كۆرەتتى.

113. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەرىكەت ئاتنىڭ كۆكۈلىسىدا». ①

114. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئات سېتىۋالماقچى ئىدىم، قانداق ئاتنى سېتىۋالسام بولار؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆزى قارا، ئۈستى كالپۇكىدا ئاقلىق بار، ئاق قاشقىلىق ۋە ئالدى ئوڭ پۇتىدا ئاقلىق يوق ئاتنى سېتىۋالغىن ياكى مۇشۇ ئالامەتتىكى قىزىل تورۇق ئاتنى سېتىۋالغىن، غەنىيمەت ئالىسەن ۋە سالامەت بولىسەن» دېدى. ②

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② دارىمى رىۋايىتى، ھەيسەمى «ھەسەن» دېگەن.

115. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ ياخشىسى چىلانتورۇقتۇر». [1]

116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ رەڭگى چاپراس ئاتلارنى ياخشى كۆرمەيتتى. چاپراس دېگەندە، ئوڭ ئارقا پۇتى بىلەن سول ئالدى پۇتى ياكى ئوڭ ئالدى پۇتى بىلەن سول ئارقا پۇتى ئاق بولغان ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ. [2]

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

# 15 ـ باب

## مۇجاھىد ۋە مۇرابىتنىڭ[1] روزا ۋە نامازلىرىنىڭ پەزىلىتى

117. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، شۇ بىر كۈننىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق يىراق قىلىدۇ».[2]

سەلەف سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسى جىھادتا روزا تۇتاتتى. ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىدىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ، الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ھەمدە ئۇنىڭ بېھىساب ساۋابىغا قىزىقىپ روزىسىنى بۇزماي ئۇرۇش قىلاتتى. تۆۋەندە ئۇلاردىن بەزىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن يەمامە جېڭىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمە ۋە ئەبۇ ھۇزەيفىنىڭ ئازاد گەردىسى سالىم بىلەن بىللە بولدۇم. ئىچىمىزدىن ھەر بىرەيلەن بىر كۈندىن كۆزەتچىلىك قىلاتتۇق، جەڭ بولغان كۈنى كۆزەتچىلىك قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جەڭ مەيدانىغا كېلىپ ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمەنى ئېغىر يارىلانغان ھالىتىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتا روزىدار ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

[1] مۇرابىت — ئىسلام زېمىنلىرىنى قوغداپ الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

«ئىپتار ۋاقتى بولدىمۇ؟» دېدى. مەن: «ياق تېخى» دېسەم، ئۇ: «ماڭا بۇ قاچىدا سۇ ئېلىپ كەلگىن، كۆن پاتقان چاغدا ئىپتار قىلىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا سۇ بېرىپ، بىرئازدىن كېيىن قېشىغا قايتا كەلسەم، ئۇ ئاللىبۇرۇن جان ئۈزۈپ بولۇپتۇ.[1]

2. «ئەيناء» ئىسىملىك هۆر بىلەن مۇڭداشقان ياش مۇجاهىد يىگىت.

سابىت بۇنانى مۇنداق دەيدۇ: مەلۇم بىر زاماندا، ياشلىقىدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان بىر يىگىت شەھىدلىكنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ لېكىن جەڭدىن دائىم سالامەت چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «مەن شەھىدلىكنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسامۇ نېسىپ بولمىدى، ئەگەر بۇ قېتىم ئۆيگە قايتسام چوقۇم ئۆيلىنىمەن» دېدى.

چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ يىگىت بىر چېدىردا ئۇخلاۋاتاتتى. هەمراهلىرى ئۇنى پېشىن نامىزىغا ئويغاتقانىدى، ئۇ ئويغىنىپ يىغلاپ كەتتى. هەمراهلىرى ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت يەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى. يىگىت ئۇلارغا: «ماڭا هېچ ئىش بولمىدى، چۈشۈمدە بىر كىشى كېلىپ، ماڭا: ‹ئايالىڭ "ئەيناء" نىڭ قېشىغا يۈر› دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىز بىر ئاپئاق ۋە پاكىز زېمىندا ماڭدۇق ۋە بىر باغقا يېتىپ كەلدۇق، مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل باغنى هېچبىر كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ باغدا 10 قىزچاق بار بولۇپ، مەن ئۇلاردەك گۈزەل قىزلارنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. مەن ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ "ئەيناء" بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ: ‹سىلەرنىڭ قايسىڭلار "ئەيناء" بولىسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹ئۇ بىزنىڭ

[1] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «مصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 316- بەت.

ئالدىمىزدا، بىز ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى› دەپ جاۋاب بەردى. مەن ھەمراھىم بىلەن مېڭىپ، يەنە بىر باغقا كېلىپ قالدۇق. بۇ باغ ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل ئىدى. بۇ باغدا ئىلگىرىكى 10 قىزدىنمۇ گۈزەل 20 قىزچاقنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ ھۆر "ئەيناﺋ" بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ: ‹قايسىڭلار "ئەيناﺋ" بولىسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بىز ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى› دېدى. مەن يەنە 30 قىزچاق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالدىدىكى قىزلار بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ئاندىن قىزىل ياقۇتتىن ياسالغان، ئىچى كاۋاك بىر قەسىرگە يېتىپ كەلدىم، ئۇنىڭ نۇرى ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ھەمراھىم ماڭا: <كىرگىن> دېدى، مەن قەسىرگە كىرىپ قارىسام، ئىچىدە شۇنچىلىك بىر گۈزەل قىز بار ئىدىكى، ئۇنىڭ نۇرى ئالدىدا قەسىرنىڭ نۇرى خىرەلىشىپ قالاتتى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىز بىلەن بىر سائەتچە مۇڭداشتۇق. ئاندىن ھەمراھىم: ‹ماڭ، قايتىمىز› دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە قارشى چىقالماي ئورنۇمدىن تۇردۇم. قىزچاق مېنىڭ پېشىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹كەچتە مېنىڭ قېشىمدا ئىپتار قىلىڭ!› دېدى. سىلەر مېنى ئويغاتقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يىغلاپ كەتتىم» دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتقا مىنىش نىداسى چاقىرىلدى. جەڭ قىزىپ كەتتى. مۇجاھىدلار دۈشمەنلەر بىلەن تاكى كۈن پاتقىچە جەڭ قىلدى. كۈن پېتىپ، ئىپتار ۋاقتى بولدى؛ ھېلىقى روزىدار مۇجاھىد يىگىت شەھىد بولغان ھالدا الله قا ئۇچراشتى. [1]

الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئىبادىتى مەيلى روزا، ناماز، قۇرئان

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 144-، 145- بەتلەر.

تىلاۋىتى، اللہ نى زىكىر قىلىش، اللہ قا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ياكى اللہ قا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش بولسۇن، ئۇنىڭغا 700 ھەسسىگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەجىر بېرىلىدۇ.

(— داۋامى تەھرىرلىنىۋاتىدۇ)

تارىختىن بۇيانقى

جىھادىي كىتابلار ئىچىدىكى

ئەڭ ئەۋزەل كىتاب